غ. ئو. زۇلپىقار

# ئۆچۆك ئادالەت

# مۇندەرىجە


بىرىنچى باب. جىددى تېلېفون ........................................................ 10

ئىككىنچى باب. نەخ مەيداندىكى تەكشۈرۈش ........................................ 17

ئۈچىنچى باب. «نەتىجە» ۋە گۇمان ........................................................ 25

تۆتىنچى باب. ئىككى خىل ئەقلى خۇلاسە ............................................ 33

بەشىنچى باب. ئاخىرلىشىش ۋە باشلىنىش ............................................ 43

ئالتىنچى باب. گۇمان كۆلەڭگۈسى ........................................................ 50

يەتتىنچى باب. ئاخىرقى ئۇرۇنۇش ........................................................ 62

سەككىزىنچى باب. ئاخىرقى پاكىتنى ئىزدەپ ........................................ 70

توققىزىنچى باب. قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىسىدا ................................ 86

خاتىمە .................................................................................... 94

قىڭغىر ئىش قىرىق يىلدىن كېيىن بىلىنەر.

—خەلق ماقالى

بۇ ئالەمدە ھېچ نەرسە بەختسىزلىكتەك مۇكەممەل بولمايدۇ.

—بالزاك «ساغرا تېرە»

ۋىلايەتتە يېڭىدىن تەسىس قىلىنغان «سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىشخانىسى» ھېلىدىن ـ ھېلىغا يېڭى مېھمانلار بىلەن تولۇپ تۇراتتى. ئاندا – ساندا كىشىلەر رەڭگى كۆلگە يۇگۈرتكەن ھالدا قايتىپ چىقسا، كۆپچىلىكى مەيۈس ۋە سۇلغۇن ھالدا قايتىپ چىقىشاتتى.

— ئىش شۇنداق ئېنىق تۇرسىمۇ، «مۇزاكىرە، مۇزاكىرە» نېمانداق تۈگىمىگەن مۇزاكىرە بۇ؟!

— ئالتە يەردىن خەت، تونۇشتۇرۇش، ئىسپات ئېلىپ كەلسەم، يەنە تۆت يەرنىڭ چالا قاپتۇ دەيدۇ، قانداق گەپ بۇ؟

ھېلىدىن - ھېلىغا غۇدىرىغان ئاۋازلار، نارازىلىق سادالىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. دېمىسىمۇ «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دەپ ئاتالغان بالايى- ئاپەت ئاز بولمىغان ئادەملەرگە ۋابال قىلىپ، ناھەق دىللار ئۆمۈچۈك تورىدەك چېگىلىشىپ كەتكەنىدى. بۇلارنى يېشىپ ھەقنى — ھەق، ناھەقنى — ناھەق قىلىپ ئايرىماق ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس ـ تە!

مەھكىمىلەر جايلاشقان يوغان قورانىڭ ئىچىدىكى زىننەت ئورمانلىرى تېگىدە يىراق- يىراقلاردىن كېلىپ، ئايلاپ يېتىپ، دەۋا قىلغۇچىلار مىغىلدىشاتتى، ئۇلار ۋەيران بولۇپ، نامراتچىلىق ئىچىدە ئىڭراۋاتقان غېرىپ كەپىلىرىدىن كەلگەن كىشىلەر بولغاچقا، ئۇلارنىڭ مېھمانخانىلاردا يېتىشقا پۇلى يوقىدى. بەزىلەرنىڭ قايتىپ كېتىشكىمۇ پۇلى قالماي، چىرايلىرىنى

سارغايتىپ ماغدۇرسىز هالدا كۆلەڭگىدە يېتىشاتتى.

ئىشخانىغا كىرىپ چىققانلار سوغۇق گەپ ئاڭلاپ، يىلىمان داڭقان پۈتى مۇئامىلىلەردىن كۆڭلى قېلىپ قايتىپ چىقسىمۇ، لېكىن «پىتنىنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوچاققا سېلىپ» قېيداپ كېتەلمەيتتى. ئۇلار قايتا ـ قايتا ئىلتىماس قىلىشاتتى، يالۋۇراتتى، تەلەپ قىلىنغان ئىسپاتلارنى تېپىپ يەنە كېلىشەتتى، يەنە قانداق باهانىلەر كۆرسىتىلىشىگە قۇلاق سالاتتى، جېنى قاشايدىغانلىرى ۋارقىرايتتى، تىللايتتى، بولدى قىلىپ قايتىپمۇ چىقاتتى، بۇ ئىش دەسلەپ ئىنسانپەرۋەرلىك قىلىش نوقتىسىدىن باشلىنىپ، بېجىرگۈچىلەرنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلارغا چوڭقۇر خەيرىخاهلىق، ئېچىنىش تۇيغۇسى بىلەن چىن ۋە قېتىرقىنىپ ئىشلىگەن بولسا، بارا ـ بارا «جاهاننىڭ رەپتايى» نى چۈشىنىۋېلىپ، ئىشقا ساختىپەزلىك ئارىلاشتۇرۇلۇشقا باشلىغانىدى. ئەسلىدە ئىش بېجىرگۈچىلەردىغۇ ئەيىپ يوقىدى، بىراق، هەممىشە پۈرسەت كۈتۈپ تۇرىدىغان كاززاپلار بۇ ئىشتىمۇ ئۆزلىرىنىڭ بەزى ئادەملىرىنى (يېزىدىكى تۇققانلىرى، خىزمەتسىز يېقىنلىرى، ۋاهاكازا) مۇشۇ پۈرسەتتە خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇۋېلىش مەقسىتىدە ئالىلقانداق يالغان ئىسپاتلارنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، هەقىقىي دەرتمەنلەردىن چاپسانراق «سىياسەتتى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ» كېتىشەتتى. ئىسپات بەرگۈچىلەر، ئىش بېجىرگۈچىلەرنىڭ هەممىسىدە تېنىمسىز گال — قوشۇقلاپ ئالسىمۇ تونىلاپ ئاشلىقنى يەپ تۈگىتىدىغان گال بولغاچقا ئۇلار «سوغات» ئۈچۈن «قولىدىن كېلىدىغان ياردىمى» نى ئايىماي بىرەر پارچە ئىسپاتنى يېزىپ بېرەتتى. ئەلۋەتتە بۇنىڭ بىلەن هەقىقىي دەرتمەنلەرگە نىسبەتەنمۇ ئەنە شۇنداق «سوغات» تەلىپى پەيدا بولۇپ، بۇ «يول»بىلمەيدىغان بىچارىلەر قىينىلىپ قېلىشقا باشلىغان كېيىنكى مەزگىللەر ئىدى.

— قارى[1]، سىلىنىڭ ئىشلىرىنى نېمە دەيدا؟ — دەپ سورىدى

---

[1] جەنۇپ ئۇيغۇرلىرى ئىسمىنى بىلمەيدىغان ئەرلەرنى، «قارى» دەپ چاقىرىدۇ — ئاپتۇر

كۆلەڭگۈدە ياتقانلاردىن بىرى كارىدۇر ئىشىكىدىن چىقىپ ئۆزى تەرەپكە كېلىۋاتقان ئۇستىخانلىق، بۇلجۇڭ گۆشلىرى بۆرتۈپ چىققان، چىرايى ھېلىلا خامانلىقتىن كەلگەندەك قىزغۇچ قارامتۇل، چاچلىرىغا مەزگىلسىز ئاق كىرگەن كىشىگە قارىتىپ.

— ھېچ نۆۋەت تېگىدىغاندەك ئەمەس، ئاغىنە، تاماكىلىرى بارمۇ؟ يېنىمدا بىر تىيىنمۇ پۇل قالمىدى، باللىرىم سەھرادا يېرىم ئاچ، يېرىم يالىڭاچ قالغان، ئۇلار نېمە ئىش تۇتىۋاتقاندۇ، دېسىلە،... — ئۇسقانلىق كىشى تاماكا يۆگىگەچ سۆزلەيتتى، — ھەرھالدا مېنىڭ بۇ يەردە ساۋاقداشلىرىم، ئىلگىرىكى خىزمەتداشلىرىم كۆپ بولغاچقا، بىر ئاز قېلىنلىق قىلىپ بولسىمۇ نۆۋەت بىلەن ئۇلارنىڭكىدە ئانچە ـ مۇنچە جان بېقىپ كېتىۋاتىمەن، لېكىن- زە، ياندا پۇل بولمىغاندىكىن ئالغان قەدەملىرىمۇ بوش، جانسىزدەك يۈرەك پوك ـ پوك بولىدىكەن...

— سىلى بۇ يەردە چۆرگىلەپ يۈرگىلى خېلى بولدى، تېخى ئەھۋاللىرىنى ئېيتمىدىلىمۇ؟

— ئىش بىجىرگۈچىلىرىگىغۇ ئېيتتىم، ئۇ خەق شۇ، ھېلىقىدەك يىلىمان گەپ بىلەن ئاغا تارتىپ تۇرىدۇ، چامامدا بىر نېمە تاما قىلىشىۋاتسا كېرەك، مەندە نېمە بولاتتى؟ مېنىڭ ھازىر كۈتىۋاتقىنىم بۇلارنىڭ باشلىقى بىلەن بىر كۆرۈشۈپ بېقىش...

— خۇدانىڭ بىر بۇيرىقى باردۇر، كەلسىلە، بۇ يەردە مۇڭدىشىپ ئولتۇرىمىز، ئىنشائاللا، تاماكام بۇ گۈن كەچكىچە راۋۇرۇس يېتىدۇ.

ئۇلار شۇ يەردە كونا پاختىلىق چاپانلارغا يامپاشلاپ پاراڭغا چۈشتى، يېزىغا پالانغاندىن كېيىنكى كۆرگەن كۈنلىرى ھەققىدە، تارتقان رىيازەتلىرى ھەققىدە، دەسلەپ بارغاندا جىسمانى ئەمگەك ئېغىر كېلىپ ۋەزىپىنى پۈتتۈرەلمەي قىينالغاندى،... ھەممە نەرسىلەر ھەققىدە سۆزلىشىپ كۈننى كەچ قىلدى.

كەچكە يېقىن ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا بىر گۇمانلىق ئادەم ئايلىنىپ قالدى، ئۆزى كېلىشكەن يىگىت بولۇپ، يېڭى بايلاردەك راۋۇرۇس كىيىنگەنىدى. ئۇ

پات ـ پات دەرەخلىك ئىچىدە يامپاشلاپ ياتقانلارغا قاراپ قويااتتى. گېپى باردەك، ھېلىلا ئۆلارنىڭ ئالدىغا بارىدىغاندەك قىلاتتى- يۇ، يەنە چۆرگىلەپ نېرى كېتىپ قالاتتى. يامپاشلاپ ياتقان دەرتمەنلەر ئۇنىڭ بىركىمنى ئىزدەپ يۈرگەنلىرىنى قىياس قىلغان بولسىمۇ، بىرىنچى بولۇپ گەپ سوراپ بېقىشقا ئېغىرلىق قىلدى.

مەھكىمىلەر ئاللىقاچان ئىشتىن چۈشۈپ كەتكەنىدى. يوغان گەۋدىلىك كىشى ئورنىدىن تۇردى.

— بۈگۈن بىر تونۇشۇم ئۆيگە كېلىپ كەتكىن دېۋىدى... —دېدى ئۇ تەقدىردىشىغا قاراپ،— سىلىمۇ تونۇمىلىكىن، مەتتۇردى، ساقچى. ئىلگىرى بىزنىڭ ناھىيىدە ئىشلىگەن، خىزمەتدىشىم ئىدى، مەن ھېلىقى كۈنلەرنى كۆرۈپ سەھرادا يۈرگەن چاغلاردا ۋىلايەتكە يۆتكىلىپ كەپتىكەن، شۇ ئاغىنىمىز كەچتە كېلەرسەن دېۋىدى،... ئۇ سەل ئىككىلىنىپ تۇرۇپ يامپاشلاپ ياتقان ھەمراھىغا ئادىمگەرچىلىك يۈزىسىدىن،— يۈرمەملا بولمىسا، بىللە بېرىپ كېلىلى،... — دېدى.

— خوش، سىلى بېرىپ كەلسىلە، «ئۆزەم پاتمىغان كاماغا، غەلۋىر بايلاي قوڭامغا» دېگەندەك ئىشنى قىلمايلى، رەخمەت، ياخشى كۆڭۈللىرىگە، پاتراق كەلسىلە پاراڭلىشىپ ياتىمىز.

— خۇدا بۇيرىسا،... بىر بولسا قونۇپ قالارمەنمىكىن...

ئۇ كەتتى، ئۇ كېتىشى بىلەنلا ھېلىقى ئالىپتە كىيىنگەن، «ئالالمىغان سادەك» ئايلىنىپ يۈرگەن كىشى ئالدىراپ يامپاشلاپ ياتقان كىشىنىڭ قېشىغا كەلدى.

— رەنجىمىسىلە، ئاكا، بىر گەپ سوراي دېۋىدىم... —ئۇنىڭ تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلىشى تازا توغرا ئەمەس ئىدى.

— سورىسىلا، مەنمۇ سىلىنى ھەقىچان بىرنېمە سورىماقچى دەپ تۇرغانىدىم.

— ھېلى بۇ يەردىن كەتكەن كىشى تونۇشلىرى بولامدۇ؟

— ئىلگىرى تونۇشمايتۇق، خۇدا تەقدىرىمىزنى ئوخشاش قىلغانىكەن،

مۇشۇ يەردە سۆرىلىپ يۈرگەن جەرياندا تونىشىپ قالدۇق، قانداق دەيلا؟

— ئۇ كىشىنىڭ ئىسمى ئابلەي ئەمەستۇر؟

— شۇنداق، شۇنداق دېگەنىدى.

— ئىلگىرى ساقچى بولغانمىكەن؟

— هە، هە، شۇنداق ! سىلى؟...

— ئۇ قاياقىقا ماڭدى؟ بىلەملا؟

— ئۇ بىر دوستىنىڭكىگە... مەتتۇردى دېگەندەك قىلىدىغۇ دەيمەن.

— شۇ، ئەمسە شۇ! مەتتۇردى! خەير، سىلىنى مالال قىلدىم،— يوچۇن كىشى ئالدىراپ كېتىپ قالدى.

**************

ئەتىسى قاق سەھەردىلا كارىدۇر ئىشكىدە تەقدىرداشلار ئۇچرىشىپ قالدى.

— ئاخشام كېلەلمەي قالدىم، —دېدى ئابلەي ئەيىپكاردەك،— بۈگۈن نەدىن بولسا باشلىق بىلەن كۆرىشمەن دەپ، سەھەر كېلىۋاتىمەن.

— تاماكا چېكەملا؟ ئاخشام هېلىقى ئەگىپ يۈرگەن بايۋەچچە سىلىنى سورىغانىدى ئۇچراشتىلىمۇ؟

— ياق، ئىشى بولسا يەنە ئىزلەر، ماقۇل ئەمسە...ـ ئۇ ئىزلىگەن ئادەمنىڭ كىملىكىگە ئېرەن قىلمىغان بولىۋالدى. تەقدىرداشنىڭ سۆزى ئۇنىڭ خىيالىغا ئاخشام مەتتۇردى دېگەن گەپلەرنى كەلتۈرۈپ، كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىپ قويدى، مەتتۇردى ئۇنىڭغا «ئۆمەر هازىر ئىدارە باشلىقى بولۇپ قالدى. سېنىڭ ئىشىڭنىڭ ئاقلىنىپ چىققىنى ئۇنىڭ ئىناۋىتى ئورنىغا بېرىپ تاقىلىدۇ. شۇڭا ئۇ قارشى هەرىكەت قىلماسلىقى مۇمكىن، ئەمەس ئىشقىلىپ سېنىڭ ئىشىڭ كاشال، ئاغىنە، مېنىڭ هېچ كۆزۈم يەتمەي تۇرىدۇ،... هەرهالدا ئانچە بەك داۋراڭ قىلماي يول ماڭارسەن...» دېگەندەك گەپلەرنى قىلغانىدى.

ئۇلار شۇ تەقلىدتە خادىملارنىڭ ئىشقا چۈشۈشىنى كۈتتى خادىملار ئىشخانىلىرىنى ئېچىشى بىلەنلا گۈلدۈرلىشىپ ئارقىدىنلا كىرىشتى، ئابلەي باشلىقنىڭ ئىشخانىسىغا، ھەمراھى ئىش بىجىرگۈچىلەر ئالدىغا كىرىپ كەتتى. ئابلەينىڭ كۆڭلىگە بىر خىل دەرمانىنى سۈسلاشتۇرغۇچى تۇيغۇ چاڭگال سېلىۋالغانىدى. نىھايەت باشلىق ئىشخانىسىغا بىرلا ۋاقىتتا بىر توپ ئادەم كىرىۋالمايتتى. شۇڭلاشقا ئابلەي ئۈچۈن قولاي پۇرسەت كەلدى.

— ئولتۇرسىلا،— باشلىق ساپانى كۆرسىتىپ قويۇپ، ئۆزى شىرەنى سۈرتۈش، ئاللا نېمىنى ئاختۇرۇش بىلەن بولۇپ، ئۇنى تازىمۇ تەقەززا قىلدى. ئاندىن بىر تال سۇزگۈچلۈك تاماكىنى ئاغزىغا قىستۇرۇپ تۇتاشتۇرىۋالغاندىن كېيىن، ئالدىرىماي جايىغا كېلىپ جايلاشتى ۋە ئۆز دەۋاگىرىگە بۇرۇلۇپ قارىدى،— سىلىنىڭ ئىسمىلىرى نېمە ئىدى؟

— ئىسمىم ئابلەي.

— ھە،... ئابلەي، ئابلەي... خوش، نېمە ئىش بىلەن كەلدىلە؟

— ھېلىقى، شۇ، خەقنىڭكىدەك، مېنىڭمۇ شۇ، بىر داۋا ئىشىم بار ئىدى،— ئابلەي ھە دېگەندە مەڭدەپ كەتتى. نېمىلا دېگەن بىلەن ئۇ ئاساسى جەھەتتىن سەھرالىقتا ئايلىنىپ بولغان، ۋۇجۇدىدا ھۆكۈمەت مەھكىمىلىرىدە قورۇنىدىغان ئالەمەتلەر پەيدا بولغانىدى،— شۇ ناھەت دىلو- دە! شۇ ئىش بىلەن...

— ھە، قانداق دەۋا دېدىلە؟

— ناھەق دىلو... مەن ئىلگىرى ج خ ئىدارىسىنىڭ رازۋېتكا بۆلىمىدە ئىشلەيتتىم، ھە، ئەلۋەتتە ۋىلايەتتە ئەمەس، ناھىيىدە، ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ...— ئابلەي سەل ئۆزىگە كېلىپ، ئالدىرىماي سۆزلەشكە باشلىدى،— يامان ئەمەس رازۋېدچىك ئىدىم، كېيىن... شۇ «كەلمىگەن سودىگەرچىلىك» دېگەندەك ئاق يەردىن بالاغا ئۇچراپ...

— خاتالىشىپ قالغانمىدىلە؟ نېمە بولغان؟

— ئىشقىلىپ خاتالاشتۇرۇشتى، داۋايىم ئاقمىدى، ھايت- ھۇيت دېگۈچە ئۈچ يىللىق كەستى، ئائىلەمنى يىراق بىر يېزىغا تارقاقلاشتۇرىۋەتتى،

تۇرمىدىن چىقىپ شۇ يېزىغا باردىم، يەتتە يىلدىن بېرى شۇ يەردە ئىشلەۋاتىمەن، ئىش دېسە ئىشخانىدا ئولتۇرىدىغان ئىش دەپ قالمىسىلا، كەتمەن چاپتىم، تۇگمەس هاشار!...

— نېمە گۇناهىڭ بار دېگەنىدى؟

— نېمە گۇناهىم بولاتتى، شۇ، خاتانى توغرىلىغان، ناهەقنى هەق قىلغان، بىر ئادەمنىڭ بىهۇدە ئۆلۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىنىۋاتقان جايدىن قۇتقۇزۇۋالغان گۇناهىم بار! ئۇلارنىڭ ماڭا ئارتقىنى «خەلق سودىنىڭ ئىناۋىتىگە تەسىر يەتكۈزدى، قانۇنسىز هالدا ماشىنا بۇلاپ... جىنايەتچىنى ئېلىپ قاچتى... » دېگەندەك شۇ، ئىشقىلىپ تاغاردا بىر!

باشلىق ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قىزىقىپ قالدى، چۈنكى بۇ سۆزلەر تولىمۇ قارىمۇ – قارشى، غەلىتىدەك قىلاتتى.

— نېمە؟ نېمە؟ نېمىلەرنى دەۋاتىلا؟ تەپسىلىراق سۆزلەپ باقسىلىچۇ؟ نېمە گەپ بۇ؟ — باشلىق دەرهال يانچۇقىنى كوچىلاپ ئىلتىپات كۆرسىتىپ ئابلەيگە بىر تال سىگارت تۇتتى.

ئابلەي سىگارتنى تۇتاشتۇرۇۋېلىپ، هۇزۇرلىنىپ بىر تارتىۋالدى- دە، گەپ باشلىدى:

— بۇ مۇنداق گەپ:

# بىرىنچى باب. جىددى تېلېفون

مەلۇم ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ دىژۇرنى بۆلۈمىدە بىر مۇنچە ياش ساقچىلار قۇرۇق پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇرىشاتتى. ئۇلارنىڭ خىزمەت ۋاقتىدا بۇ تەقلىدتە ئولتۇرۇشلىرى ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەنىدى. ئۇلار ۋەزىپىلىرىنى ئالدىراپ ـ تېنەپ، قول ئۇچىدىلا «تەپمە ھالال» قىلىشاتتى ـ دە، پاراڭ ئۇچۇن ۋاقىت ئاشۇراتتى.

ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كەلگىنىگە بىر يېرىم يىلچە بولۇپ قالغان ئابلەي ئاللىقانداق روھى خۇمارلىق ئىچىدە ياشايتتى. ھاردۇقى چىقمايۋاتقاندەك ئېغىر ـ ئېغىر تىناتتى. ئۇنىڭ بەيگە مەيدانىدا راسا چېپىپ چەۋاندازلىق ماھارىتى كۆرسەتكۇسى باردى ـ يۇ، ئەمما ئۇزى تار قەپەزگە ئوخشاش مۇھىتتا سىقىلىش ئىچىدە تۇراتتى. شۇڭلاشقىمۇ ئۇ پۇخادىن چىقماي كۆڭۈل خاھىشى چالا قىلىنۋاتقان ئادەمدەك ھامان كەڭلىكلەرگە تەلپۈنۈپ تۇراتتى.

ئۇ شۇ تاپ بىكارچىلار توپىدا ئۇلارنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ ئىچىدە قارت ئوينىشىغا قاراپ، بۇلۇڭدا ئولتۇراتتى. بەزىلەر ئورۇندۇق يېتىشمىگەنلىكتىن شىرەنىڭ ئۇستىگە چىقىۋېلىپ، قىستىلىشىپ ئولتۇرۇشقاچقا، ئابلەيگە ئوخشاش ھەم پەستە، ھەم بۇلۇڭدا ئولتۇرغانلارنى كۆرگىلىمۇ بولمايتتى. ئابلەي جەينىكىنى شىرەگە تايىنىۋېلىپ، ئالقىنىدا چېكىسىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ، مەكتەپ ھاياتىنى ئويلاپ كەتتى. ئۇ چاغلاردا ئۇ ئەلا ئوقۇغان، غايىسى ئۇلۇغ يىگىت ئىدى. ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ھولمىسى [1] بولۇپ چىقىشنى خىيال قىلاتتى. بەزى ساۋاقداشلىرى ئۇنى «گەپنى بەك يوغان قىلىۋەتتىڭ، بۇنىسى پوچىلىق بولارمىكىن» دېيىشكىنىدە، ئۇ ناپالىئوننىڭ «مارشال

[1] ھولمىس- ئەنگلىيە يازغۇچىسى كونان دويلىنىڭ قەلىمى ئاستىدا يارىتىلغان «رازۋېدكا پىرى»، - ئاپتۇر

بولۇشىنى ئويلىمايدىغان ئەسكەر — ياخشى ئەسكەر ئەمەس» دېگەن سۆزى بىلەن رەددىيە بېرەتتى. بىر جەڭچىدە مارشال بولۇشتەك بۈيۈك نىشان بولغاندىلا ئۇ جان جەھلى بىلەن تىرىشىپ جەڭ قىلىدۇ، نىشانىنىڭ يۈكسەكلىكى كىشىدە تىرىشچانلىق، سەۋر ۋە چىدام پەيدا قىلىدۇ، ئالغا ئىنتىلدۈرىدۇ....

ئۇ خىزمەتكە چىققان هامانلا ئۆزىنىڭ غايىلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئىمكانىيەت ئازلىقىنى ھىس قىلدى. قابىلىيەتسىز كىشىلەر شوئارنى كۆپ توۋلاپ باشلىق بولىۋېلىشقان، قولىدىن ھەقىقىي ئىش كەلمەيدىغان بۇنداق كىشىلەر باشقىلارنىڭ مۇۋەپپىقىيەت قازىنىشىغا يول قويۇشمايتتى. خۇددى ئەقلى ۋە كۈچى بىلەن شەھەر بىنا قىلغانلار شەھەر پۈتكەندە پۇخرا بولۇپ، ئاغزىدا شەھەر سالىدىغانلار شەھەرنىڭ تۆرىگە چىقىپ ( ھاكىم بولۇپ) لىېنتا كەسكەندەك، بۇ يەردىمۇ ئەنە شۇنداق ئىدى. قانۇن ئىجرا قىلىدىغان بۇ ئورۇندا قانۇنسىزلىق جەمئىيەتتىكىدىنمۇ ئېغىر ىدى. خۇددى كارىۋانلارنىڭ ئادىتىدىكىگە ئوخشاش بۇ يەردىمۇ يۈكنىڭ ئېغىرىنى كۆتىرىدىغان قاۋۇل تۆگىلەر پاكار ۋە نىمجان ئىشەكلەرنىڭ قۇيرىقىغا چېتىپ قويۇلاتتى. بۇنداق مۇھىتتا ئۇ ئەگەر بىرەر يېڭىلىق ياراتسىمۇ ـ مۇرەككەپ دىلولارنى يەشسىمۇ شەرەپ «يول باشلىغۇچى» نىمجان جانۋارغا مەنسۇپ بولاتتى.

ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق بولدى. ئۇ بىر قانچە دىلونى پاش قىلىشقا قاتناشتى لېكىن «پىشقەدەم» ياكى «تەجرىبىلىك» كونا رازۋىدچىكلارغا ياردەمچى بولۇپ ئىشلىدى. «تەجرىبىلىك» لەرنىڭ ئاڭسىز ۋە نادانلىقى، قوپال ۋە بولۇمسىزلىقى تۈپەيلى، ئۆزى قول سېلىپ ئىشلەشكە مەجبۇر بولغان... ئاخىردا بۇنىڭ «ھەشقالللىسى» ئۇنىڭغا تەگمىدى.

تېلىفوننىڭ قاتتىق جىرىڭلىشى ئابلەينىڭ خىيالىنى بۆلىۋەتتى. قارت ئويناۋاتقانلار، پاراڭ سېلىۋاتقانلارمۇ ئىتتىك تېلىفون ئاپپاراتى تەرەپكە قاراشتى.

— ئاناڭنى!... ئەجەب چۆچۈپ كەتتىما، قۇلاقىقا مۇشت ئۇرغاندەكلا...

— دېسەم ـ دېمىسەم بىر يەردە بىر ئىش بولدى.

تېلېفونغا يېقىن ئۆلتۈرغان بىرى تىرۇپكىنى قۇلىقىغا تۇتۇپ «ھە، ھە» دەۋاتقاندا باشقىلار شاۋقۇن بىلەن ئۆز پەرەزلىرىنى سۆزلىشىۋەردى.

— خۇشياقمىغاندا بۇ نەدىن كەلگەن تېلېفون بولدى، دەڭلا...

— نېمە دەيدۇ؟ دېمەمسەن.

— توختا، ھە، ھە، ماقۇل، مەن بۆلۈم باشلىقىغا ئېيتاي،— تېلېفوننى ئالغۇچى تىرۇپكىنى قويۇپ دەرھال ئورنىدىن تۇردى ۋە ئىشىك تەرەپكە كېتىۋېتىپ،— دىلو، قاتىللىق دىلوسى! تالتىرەك يېزىسىدىن كەپتۇ، بىر ئايالنى ئۆلتۈرۈپ چوڭ يولغا تاشلاپ قويۇشۇپتۇ!... — ئۇ چىقىپ كەتتى.

ئەمدى قارتمۇ، پاراڭمۇ توختىدى، ئۇلار بۆلۈم باشلىقى ھېلىلا كىرىپ كېلىپ ئىشقا بۇيرۇيدۇ دەپ ئويلاپ، مۇشۇ ھەقتە غۇلغۇلا قىلىشىپ، كۈتۈپ ئولتۇرۇشاتتى.

ئابلەي ھامان رومانتىك خىياللارغا بېرىلىپ، ئۆزىنى شېرىن ئويلىرى بىلەن بەزلەشكە ئادەتلىنىپ قالغاچقا، بۇ خەۋەر ئۇنىڭدا يەنە خىيالى كارتىنىلارنىڭ باشلىنىشىغا سەۋەبچى بولدى.

«ئەگەر بۇ دىلو ناھايىتى مۇرەككەپ بولۇپ، مەن ـ مەن دېگەنلەرمۇ پاش قىلالمىسا، ئاخىر ئۆزەم پاش قىلىپ چىقسام... ئەنە شۇ چاغدا ئۆمەردەك نېمىلەرنىڭ ئىچى ئېچىشىپ كېتەرمىدى؟... باشلىق دېگەن پوق قوساقمۇ شۇنىڭدىن كېيىن «ۋاي ئابلەي» دەيدىغان بولار ئىدى. ھە دېسە ئىنقىلابى پېشقەدەم يولداش، ياكى، تەركىۋى ساغلام، ئىدىيىسى قىزىل، پارتىيە ئۆزى تەربىيىلىگەن ئىنقىلابى يولداشلار باشلامچىلىق، ئاۋانگارتلىق رولىنى جارى قىلدۇرىشى،...» ۋاھاكازا دەپ، ھەممە ئىشتا ئاغزىدا شەھەر ئالىدىغانلارنى ئىشنىڭ بېشىغا قويىدىغان ئادىتىنى تاشلارمىدى؟ ھەي، خۇدا كونىلار دەيدىكەن، بۇ دۇنيادا ئادالەت يوق، بار دېسەكمۇ سەن كۆرگەنچىلىكلا، شۇڭلاشقا خۇدا باقى دۇنيادا جەننەت بىلەن دوزاقنى تەييارلاپ قويغان، چاغدا ئادىللىق بولسا ئۇنىڭ ھاجىتى بولماس ئىدى»... راست، دېگەندەك، قاچان ئادەمنىڭ مەنىۋى قىممىتىگە قاراپ مۇئامىلە قىلىش، كەسپىي ئىقتىدارىغا قاراپ ئىشقا قويۇش بولىدىغاندۇ؟...»

ئابلەي ئۆزى ئۈچىرىغان ناھەقچىلىكلەر، باشلىقلارنىڭ خۇشامەت تاما قىلىشى، ئۇنى بىجا كەلتۈرمىگەنلەرنى بىر ئامال قىلىپ چىقىۋېلىشقا، پۈتلاشقا تىرىشىشلىرى كۆز ئالدىدىن ئۆتۈشكە باشلىدى. شۇ چاغدا، تېلىفون خەۋىرىنى بۆلۈم باشلىقىغا يەتكۈزۈشكە چىقىپ كەتكەن ساقچى قايتىپ كىردى.

— ئېيتتىڭمۇ؟ ئۇلار كىمنى ئەۋەتكۈدەك؟

— كىمنى ئەۋەتىش تېخى ئەتتىگەنكى گەپ، ھازىر ئۇلار جىددى يىغىن چاقىرىش ئالدىدا تۇرىدۇ، ئىدارە باشلىقى بۆلۈم باشلىقلىرىنى يىغىپ ئاۋال ياچايكا يىغىنى، ئاندىن دىلونى قانداق قىلىمىز دېگەندەك ئىشلار ھەققىدە يەنە بىر نېمە يىغىنى ئاچقۇدەك.

— قېنى ئەمسە، بىز قارىنىمىزنى ئويناۋەرسەكمۇ بولغىدەك.

— راست، ئۇلار يىغىنىنى بىر كۇنسىز تۈگەتمەيدۇ، ئەمدى تامامەن خاتىرجەم بولۇشقا بولىدۇ.

— راست، دەپ ئويلىدى ئابلەي يەنە خىيالغا پېتىپ،— ئۇلار يىغىنىنى بىر باشلىۋالدىمۇ، بولدى، ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن، گېزىتلەرنىڭ بىرىنچى بەتلىرىگە بېرىلىدىغان «مۇھىم ماقالە» لاردىكى سۆزلەرگە ئوخشاش، بىر تەرتىپتە تىزىۋېلىنغان سىياسى گەپلەرنى بىلجىرلىشىدۇ...»

— مېنىڭچە، بۇ سىنىپى كۆرەشنىڭ بىر خىل ئىپادىسى بولۇشى مۇمكىن...ـ دەيتتى بىرى گويا بىر پەيلاسوپتەك، يېڭى بىر نەزەرىيىنى ئوتتۇرىغا قويىۋاتقاندەك ياكى ئىلىم ـ پەن ساھەسىدە بىر كەشپىيات يارىتىپ ئىلان قىلىۋاتقاندەك كىبىرلىنىپ، ئەمەلىيەتتە بولسا بۇ سۆزلەر ئالىلىقاچان كۈچىنى يوقاتقان، تولا تەكرارلاش نەتىجىسىدە تەسىرىمۇ قالمىغان كونا موقام ئىدى.

— توغرا، پىكرىڭىز ئورۇنلۇق! بۇ سىنىپى كۈرەشنىڭ يېڭى يۈزلىنىشى...

— بىز ئامىمنى دادىل ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئىچكى- تاشقى ئاغدۇرمىچىلارنىڭ، سىنىپى يات ئۇنسۇرلارنىڭ، كونا- يېڭى بۇرژۇئازىيە

داشقاللىرىنىڭ ... بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ...

—قەتئى نىيەتكە كېلىپ قۇربان بېرىشتىن قورقماي...

— ھە، قېنى يولداشلار، ئىپادە بىلدۈرەيلى،— دەيتتى. باشلىق گويا ئىنتايىن مۇھىم بىر يىغىن ئۈستىدە تۇرغاندەك،— ھەربىر يولداش ئىپادە بىلدۈرۈپ باقسۇن، قانداق قىلىمىز؟

بۇ ئىپادىلەرمۇ ھەرقاچان تەكرارلىنىپ تۇرغان، سىلىقدىنىپ كەتكەن كىتابى سۆزلەردى، ئەلۋەتتە نىھايەت بۇ رەسمىيەتلەر تولۇق ئادا قىلىنمىغىچە گويا ئىشقا كىرىشكىلى بولمايدىغاندەك قىلىشاتتى. بۇ قۇرۇق گەپلەر تولۇق بىر كۈننى ئىگىلىگەندىن كېيىنلا سەل ئەمەلىيەرەك مەسىلىگە،— «كىمنى ئەۋەتىش كېرەك؟» كە — كېلىشەتتى. ئەمما بۇ «ئەمەلىي ماددا» مۇ نۇرغۇن «ئىنقىلابى نەزەرىيە» لەر بىلەن بېيىتىلىپ، يەتكۈچە لاۋزىلاشتۇرۇلۇپ، ئەڭ ئاخىرىدا قارار چىقىرىلاتتى.

— ئابلەي بېرىپ كەلسۇنمىكىن،...

— مېنىڭچە، ئابلەينىڭ كەسپى بىلىمى مول بولغىنى بىلەن سىنىپى كۆرەش ئاڭلىقلىقى يوقۇرى ئەمەس، ئۇنىڭ تېنىدىن ئاق ئىقتىساسلىقلارنىڭ بىر خىل پۇرىقى كېلەمدۇ قانداق؟...

— توغرا، مەن بۇ پىكىرگە قوشۇلىمەن، مېنىڭچە ئۆمەرنىڭ بارغىنى ياخشىراق، نېمىشقا دېگەندە ئۇنىڭ مەيدانى ئېنىق، كۆزى روشەن، تەركىۋى ساغلام،...— ئۇنىڭ بىر مۇنچە ئارتۇقچىلىقلىرى كۆرسىتىلەتتى،— شۇڭلاشقىمۇ مۇشۇنداق بىر يولداش مەسئۇل بولسا بۇ ئىش تېخىمۇ ياخشى بىر تەرەپ بولمامدۇ، بولمىسا ئابلەي ئۇنىڭغا ياردەملەشسۇن...

ئابلەي يىغىنلارنىڭ ئەنە شۇنداق تەرتىپلا ئېچىلىپ، ئەنە شۇنداق ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇ بۇنداق يىغىنلاردىن شۇنچىلىك بىزار ئىدىكى، كۈن بويى ھەجىۋى قىلىپ، خەلقى ئالەم ئالدىدا شاڭخوغا قالدۇرغۇسى، مەسخىرىگە كۆمۈۋەتكۈسى كېلەتتى. بىراق، چىدىماي نېمە ئامال؟

ئۇ خىيالدا باشقىلارنىڭ مۇزاكىرىسىگە ئۆزىمۇ قاتنىشىۋاتقاندەك

ھەممىنى كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزدى. يىغىننىڭ قاچان تۈگەپ، نەق مەيدانغا قاچان يولغا چىقىش مۇمكىنلىكىنىمۇ تەخمىن قىلدى. چۈنكى بۇنداق تەخمىن قىلىش، ئەقلىي يەكۈن چىقىرىش بىر رازۋېدچىكنىڭ تەبىئىي خۇسۇسىيىتى، كەسپىي ئادىتى ئىدى، ئەلۋەتتە.

كەچقۇرۇن باشلىقلار يىغىندىن چىقىپ، نۆۋەتچىلەر ئىشخانىسىغا رازۋېد بۆلۈمىنىڭ باشلىقى كىرىپ كەلدى.

— ئۆمەر! سەن ھېلىقى قاتىللىق دېلوسىنى پاش قىلىشقا مەسئۇل قىلىندىڭ، ئابلەي ساڭا ياردەملىشىدۇ.

— قاچان ماڭىمىز؟

— ئىشقىلىپ ئەتىگىچە يېتىپ بارساڭلا بولىدۇ، بۇنى ئۆزەڭ بەلگىلە!

ئابلەي يەنە «تۆگىنى ئىشەكنىڭ قۇيرىقىغا چېتىپ قويۇپتۇ» دەپ ئاغرىنغان بولسىمۇ، قۇرۇق پاراڭ سالىدىغان ئىشخانىدىن كائىناتنىڭ قوينى — ئۇنىڭ ھەقىقىي خىزمەت ئورنى بولغان جەمئىيەت ياخشىراق بولغاچقا، بىر تەرىپىدە خۇشالمۇ بولدى.

ئۇنىڭ قېشىدا تۇرغان تېخنىكا بۆلۈمىدىكى دوستى ۋە ساۋاقدىشى مەتتۇردى ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشەنگەندەك ئۇنى ئاستا نوقىدى ۋە ئۆمەرنى زاڭلىق قىلغاندەك ئاغزىنى پۇرۇشتۇرۇپ قويدى. ئىككىسى ھامان غۇملىرىنى ئورتاقلىشىپ تۇرغاچقا بىر - بىرىنى ئوبدان چۈشىنەتتى.

ئابلەينىڭ شۇ تاپتىلا مېڭىپ كەتكۈسى بار ئىدى، بىراق ئۆمەر سائىتىگە قاراپ قويۇپ:

— بۇ چاغ بولغاندا ئىش ياقمايدۇ، ئەمدى بىراقلا ئەتە ماڭغىنىمىز ياخشىراق، ئەتە سەھەردىرەك كېلەرسەن، — دېدى كۆرەڭلىك بىلەن.

ئۆمەر ئابلەي بىلەن تەڭتۇش كېلەتتى. بىراق ئۇياخشى ئوقۇمىغاچقا تولۇقسىزدىنلا چىقىپ كېتىپ جەمئىيەتتە يۇرگەن ۋە كېيىن دادىسىنىڭ يۈز خاتىرىسى بىلەن خىزمەتكە ئورۇنلاشقانىدى. شۇڭلاشقىمۇ ئۇنىڭ خىزمەت ستاژى ئابلەينىڭكىدىن ئۇزۇنراق، «تەجرىبىسى مولراق»، ئىككىنچى ئەۋلاد «پېشقەدەم» لەردىن، مىجەزى بولسا ئالدىراڭغۇراق ئىدى.

ئابلەي ئەتىسى سەھەردىلا ئىدارىغا كەلگەنىدى، بىراق ئۇنى سەھەر كېلىشكە تاپىلىغان ئۆمەر ئۆزى ساق بىر سائەت كېيىن كەلدى. ئابلەي بارلىق جىمخۇر، ئىچى كۆچلۈك ئادەملەرگە خاس ئېغىرلىق بىلەن ئۇنىڭ بۇ قىلىقىنى يۈزىگە سالماي، ئىچىگە سىڭدۈرىۋەتتى.

— بەرىبىر شوپۇرنى ساقلايدىغان گەپ، دەپ ئەمدى كېلىشىم،— دېدى ئۆمەر ئۆزىنى ئاقلاپ،— مانا تېخى كەلمەپتۇ، ئەتتىگەندە كەلگەنىنىڭ پايدىسى يوق ئىدى -دە!

— ھوي، سىلەر نېمە بۇ يەردە لەلەڭلەپ يۈرىسىلەر؟— دېدى ئۇلارنىڭ خىزمەتداشلىرىدىن بىرى،— تېخى نەق مەيدانغا ماڭمىدىڭلارمۇ؟

— ماشىنىنىڭ شوپۇرى كۆرۈنمەيدىغۇ؟ شۇنى ساقلاپ تۇرۇپ قالدۇق،— دېدى ئۆمەر باشلىقلاردەك يوغانچىلىق بىلەن.

— ئۇ دېگەن ئىدارە باشلىقىنىڭ ئايالىنى ئاپىسىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويغىلى كەتمىدىمۇ؟ ساقلىغىنىڭلار بىكار، كەچكىچە ئاران كېلىدۇ، كىرا ماشىنىسىدا بېرىڭلار.

ئابلەينىڭ زەردىسىنى قاينىتىدىغان ئىشلارنىڭ بىرى مۇشۇ ئىدى. بىراق ئۇ چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، چىشىنى چىڭ چىشلەپ قويدىيۇ، قايناپ كەتمىدى. بىراق، ماشىنا بىلەن بېرىپ ئىناۋەت قازىنالماسلىق» باشلىقلىق شەنىگە تەگكەن ئۆمەر، شوپۇرنى بىر مۇنچە سۆكۈپ، بىزگە دەپ قويماپتۇ دېگەندەك ئاغرىندى، ئەمما ئىدارە باشلىقىغا ئىۋەن قويمىدى.

— قانداق قىلدۇق ئەمدى؟ تازا نەس باستىغۇ بىزنى، ئەتتىگەندىلا كېلىشمىدى بۇ ئىش، ئاخىرى نېمە بولاركىن... — دېدى ئۆمەر.

— تۇرغاننىڭ پايدىسى يوق، ئەمدى كىرا ماشىنىسى بىلەن بارايلى ياكى بىزمۇ قانداق قىلىش توغرىسىدا يىغىن ئېچىۋالامتۇق؟— دېدى ئابلەي تەلەتىنى سۈرلۈك قىلىپ، بۇ ئۇنىڭ تۇنجى ئېغىز سۆزى ئىدى.

# ئىككىنچى باب. نەخ مەيداندىكى تەكشۈرۈش

ئۇلار تالتىرەك يېزىسىغا يېتىپ كەلگەندە چۈش بولۇپ قالغانىدى، ئۇلارنى دادۇي رەھبەرلىرى قارشى ئالدى، سېكرېتار ياشىنىپ قالغان، ئەللىكىنچى يىللاردىكى ھەرىكەتلەردە ئاكتىپ بولۇپ تونۇلۇپ شۇنىڭدىن بېرى كادىر بولۇپ كېلىۋاتقان، لېكىن ساۋاتسىز بولغىنى ئۈچۈن ئۆسەلمەي تۇرۇپ قالغان كىشى ئىدى. ئۇنىڭ ئەينى زامانلاردىكى «زالىملار ئۈستىدىن دەرت تۆكۈش» يىغىنلىرىدا چاڭىلداپ سۆزلەپ تۇرىدىغان ئاغزى تالغاندەك، ئەمدى سەل جىمغۇر كۆرۈنەتتى. دادۇيجاڭ بولسا ئۆزىنى ئەمدىلا ئۆيلىنىش يېشىغا يەتكەن يىگىتلەردەك تۇتىدىغان، شۇ زاماننىڭ مودىسى بولغان ھەربىيچە شىم - پەشمەت ۋە ھەربىيچە شەپكە كېيىۋالغان، كۆزلىرى ئويناق، 35 ياشلار چامىسىدىكى كىشى ئىدى.

— بىزنى نەخ مەيدانغا باشلاپ بېرىڭلار، — دېدى ئابلەي كەسپىي قىزغىنلىق بىلەن، — نەخ مەيداننى بۇزۇۋەتمىگەنسىلەر؟

— ياق شۇ پېتى، بىزنىڭ قىرغاۋۇلدەك يىگىتلىرىمىزدىن تۆتىنى ساقلاشقا قويغان، ھېلىقى شۇ، ئۆزىمىزنىڭ مېڭبىڭلىرى- دە، — دېدى سېكرېتار ئالدىراپ، ھولۇقۇپ، — ئەمدى چۈشمۇ بولۇپ قالدى، قوساقنى ئاز- پاز ئەستەرلىۋېلىپ ئاندىن ئىشقا چۈشمەيلىمۇ؟ مەنغۇ سىلەرگە ھەمرا بولالمايمەن، ساقلىقىم تازا ساز ئەمەس، ئەمما دادۇيدىن بىزلەرگە ۋاكالىتەن دادۇيجاڭ ئىنىمىز سىلى بىلەن بىللە بولىدۇ.

— ھەئە، شۇنداق قىلىمىز- دە، — دېدى ئۆمەر قوللىرىنى ئىشقىلاپ، تاماخورلۇق بىلەن كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ، ئاندىن خىزمەتدىشىغا قاراپ

قويۇپ،— كىچىكمەيدۇ،—دېدى ئىزاھلاپ.

— شۇ،— دېدى دادۇيجاڭ تەستىقلاپ،—ئىش دېگەن ئۆلگەندە تۈگەيدۇ،— ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن ئويۇنپەزلىك چىقىپ تۇراتتى.

ئابلەي «ياردەمچى» بولغاچقا غىڭ قىلالمىدى. قارار چىقىرىش هوقۇقى ئۆمەردە ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئابلەي ماهارەت كۆرسىتىشكە تەشنا بولۇپ كەتكەن چەۋاندازدەك، ماهارەت مەيدانىغا ئالدىراپ تۇرغاچقا دادۇيجاڭ داستىخىنىغا ئانچە قىزىقمىدى:

— مېنىڭ قورسۇقۇم توقتەك تۇرىدۇ، بولمىسا مەن نەخ مەيداندا سىلەرنى ساقلاپ تۇراي،— دېدى ۋە ئۆمەرگە قاراپ،— سەن بىر نېمە يىگۈڭ بولسا بېرىپ كەل،— دېدى.

— گەپ يېمەك ـ ئىچمەكتىمۇ؟ يۇرسىلە، بىردەم ئولتۇرۇشۇپ بەرسىلىمۇ بولىدۇ،— دېدى دادۇيجاڭ قىزغىنلىق بىلەن ئابلەينى چىڭ تۇتۇپ.

ئۇنىڭغا كۆرسىتىلىۋاتقان ئىلتىپاتقا تارلىقى كەلگەن ئۆمەر ئۆزىنىڭ بۇ يەردە «رەهبەر» ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ قويۇشنى، دادۇيجاڭغا ئۆز ئورنىنى سەزدۇرۇپ قويۇشنى زۆرۈر تېپىپ:

— مەيلى، بارمىسا بارمىسۇن، بىزنى نەخ مەيداندا كۈتۈپ تۇرسۇن،— دېدى ئۆزىگە سۇر بېرىپ،— شۇنداق قىلمىسەن دېسەڭ قارشى ئەمەسمەن،— دېدى خىزمەتدىشىغا قاراپ.

دادۇيجاڭ بىللە كېلىۋاتقان خەلق ئەسكەرلىرىدىن بىرىگە ئابلەينى نەخ مەيدانغا باشلاپ بېرىشنى تاپىلىدى.

ئابلەي ياش هەمراهى بىلەن بىللە كېتىۋېتىپ، دىلوغا مۇناسىۋەتلىك پاراڭ باشلىۋەتتى.

— ئۆلگۈچى ئېرى بار ئايالمۇ؟

— هەئە، ئېرى بار، ئىككى بالىلىق بولۇشقان.

— ئېرى قانداقراق ئادەم؟

— زاهىر «كۆكەمە» نى دەمىلا؟ سەل قاپىقىنىڭ بېزى بار، خۇيى يامانراق ئادەم، تەرسا.

— ئايالچۇ؟ ئۇنىڭ مىجەزى قانداقراق؟

— شىرىننىسا يېزىمىزدىكى ھەممە ئادەمنىڭ كۆزىنى قىزارتىدىغان چوكان ئىدى. مىجەزى ئوچۇق، ئۆزى ئوڭلۇق، كاساپەتنىڭ، ھوي، ئاپلا! رەھمەتلىكنىڭ ئۆزىمىغۇ تولا كېلىشكەن ئايالدى. دادۇيجاڭدىن سورىسىلا ئۇ چوكاننىڭ تەرىپىنى ئوبدان دەپ بېرىدۇ،— دېدى يىگىت بىر خىل سىرلىق كۈلۈمسىرەش بىلەن، ئەمما ئۇنىڭدىكى سىرنى ئابلەيلا بايقىۋالالايتى. ئۇ ئابلەينىڭ يالت ئېتىپ قارىشىدىن ھودۇقۇپ كېتىپ، ئۆزىنى ئاقلىماقچى بولغاندەك،— دادۇيجاڭ دېگەن رەھبەرلىك ئەمەسمۇ، شۇڭا بىز بىلمىگەن تەرەپلەرنى بىلىدۇ دە،— دەپ قوشۇمچە قىلدى.

ئابلەي سەلدىن كېيىن سورىدى:

— ئېرى ئۇنى كۈنلەمتى؟

— مەنغۇ تازا بىلمەيمەن، ئىشقىلىپ خۇلۇم- قوشنىلىرىنىڭ دېيىشىچە كۈنلەيدىغانمۇ ئوخشايدۇ. ئىلگىرى ئۇنىڭ بىلەن كۆيدۇم، پىشتىم دەپ يۈرگەن بىرسى بار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن گېپى چىقىپ كۈنلىدىغۇ دەيمەن، زاھىر كۆكەمنى شۇنىڭ بىلەن قىزىرىشىپ قاپتۇ دېگەننى ئاڭلىغانتىم، ئۇ كۆكەممۇ شۇ تۆمۈرچى - دە، بولمىسا شۇنىڭ بىلەن قىزىرىشامدۇ، بوزەكنى بوزەك ئېتىپ، ياماندىن قورقۇپ دېگەندەك....

«كۈنلىشى كېرەك، شۇنداق بولىشى كېرەك...» دەپ ئويلىدى ئابلەي، بىراق، ئۇ ھەمراھىنىڭ چۈشىنىكسىز سۆزلىرىنى ئويلىنىپ قالدى، «ئۇ نېمە دېمەكچى؟ كۈنلەشكە تېگىشلىك يەنە بىر «نوچى» مۇ بارمۇ؟» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى، بىراق ئۇ بۇ ھەقتە كوچىلاپ سورىمىدى. چۈنكى بۇ سۆزلەرنى دېگۈچىمۇ «نوچى» دىن قورقىدىغانلىقىنى سەزدۈرۈپ تۇراتتى. شۇڭا ئۇ بۇنى قويۇپ باشقا سوئالنى سورىدى:

— جەسەت بىلەن ئۆينىڭ ئارىلىقى يېقىنمۇ؟

— يېقىن دېگىلىمۇ بولمايدۇ، ئىشقىلىق يۈز ئەللىك مېتىرچە كېلەرمىكىن.

— يىراق ئىكەن... — ئابلەي سەل ئويلىنىپ قالدى، ئاندىن يەنە،—

ئۆلگۈچىنىڭ ئىرى تەمبەل، جېنى بار ئادەممۇ؟—دەپ سورىدى.

خەلق ئەسكىرى ھەيرانلىق بىلەن ساقچىغا قاراپ قويىدە ۋە:

— ھەئە، ئۆزى چېلىشچى، خېلى نامى بار چېلىشچىدى، ئەمما كېيىنكى چاغلاردا چېلىش ـ پېلىش دېگەندەك ئىشلارغا ئارىلاشماس بولۇپ كەتتى.

ئابلەي ئەمدى شۇك ماڭدى، ئۇ خىيال سۇرۇپ، خىيالدا ھالقىلارنى بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ باقتى، بىراق، ھازىر زەنجىر تېخى تولۇق بولمىغاچقا، ھېچنەرسە ھاسىل قىلغىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ قىلغۇدەك گېپىمۇ يوق ئىدى. سوئالمۇ تۈگەپ قالغان ئىدى. بىراق ئۇنىڭ ھەمراھى جىملىقنى بۇزدى:

— ئايالىنىڭ ئاغزىدىن سەل-پەل قان يۇقى چىقىپ تۇرىدۇ، باشقا بىر يېرىدە زېدە يوق، ئاغزىدا بىر نېمە باردەك...

ئاغزىدا بىر نەرسە چىشلەكلىكمۇ؟

— ھەئە، قان بىلەن بويىلىپ كەتكەچكە نېمىلىكىنى تازا ئاڭقىرىۋالغىلى بولمايدۇ، ئىشقىلىپ، گۆش...تەك بىر نېمىغۇ...

— بارماقنىڭ ئۇچىمۇ يا؟!ـ ئابلەي جىددىيلىشىپ كەتتى، بۇنداق بولغاندا قاتىل ناھايىتى ئاسانلا تېپىلاتتى. بۇ دېمەك، قاتىلنىڭ بىر بارمىقى چولاق دېگەن سۆز ئىدى.

— بارماقنىڭ ئۇچىمۇ ـ ئەمەسمۇ، بىز ئېلىپ كۆرۈپ باقمىدۇق، نەخ مەيداننى بۇزۇۋەتمەيلى دېدۇق.

— يەنە باشقا ئالامەتلەر بارمۇ؟

— يوق، بىز بىلمىگەن بولساق ھەربىرلىرى بىلىپ بېقىشالا.

— ئاياق ئىزلىرىدىن بىر نېمىنى بىلىشكە بولامدۇ قانداق؟

— ئاياق ئىزى جىق، قايسى بىرسىنى بىلگىلى بولىدۇ، ئۇ يەرمۇ تازا تۈز كوچىدەك بىر يەر، سازلىقتىكى تۈگمەنگە قايرىلىدىغان يەر بولغاچقىمىكىن، يەنە كېلىپ شۇ تەرەپكىمۇ شۇنداق ماڭىدۇ، شۇڭا ئۇ يەردە ئىز دېگەن تولا گەپ ـ تە.

— بۇ گەپلەرگە قاراپ ئابلەي ئىزدىن ئۈمىد ئۈزدى، قاتىلنىڭ جەسەت كۆتۈرۈپ ئېلىپ كېلىپ شۇ يەرگە تاشلىغانلىقىنى قىياس قىلدى، بولمىسا بۇنداق جايدا ئادەم ئۆلتۈرگىلى بولمايتتى. «ئۇنى خالى جايدا ئۆلتۈرۈپ، مۇشۇ يەرگە ئېلىپ كېلىپ تاشلاپتۇ...» دېمەك، ئاچقۇچلۇق مەسىلە ئاشۇ ‹خالى يەر› نى تېپىش» دېگەنلەرنى ئويلىدى ئۇ.

ئۇلار نەق مەيدانغا يېتىپ كەلدى، جەسەت ساقلاۋاتقان خەلق ئەسكەرلىرى يول بويىدىكى دەرەخ سايىسىدا ئولتۇرۇشاتتى. جەسەت بولسا كىچىك هارۋا يولى بىلەن چوڭ يول كېسىشكەن جايدا توپىغا مىلىنىپ ياتاتتى. ئۇنىڭ بېشى ئاسمانغا قارىغان، قورساق قىسمى سەل يانتۇ هالەتتە، پۇتلىرى بولسا تېخىمۇ يېنىچە بولۇپ، پەركانىڭ [1] پۇتىدەك ئېچىلىپ تۇراتتى. جەسەتنىڭ چىرايلىق ئاق يۈزى تېخىمۇ تاتىرىپ سۇزۇلۇپ كەتكەن بولۇپ، قوشۇمىسىنىڭ تۈرۈلگەن هالىتى، كۆزلىرىنىڭ قورقۇنۇچلۇق پارقىراپ تۇرۇشىدىن قاتتىق غەزەپ ئالامىتى چىقىپ تۇراتتى. بۇ كۆزلەردە هاياتىنىڭ دۈشمەنلىرىگە بولغان غەزەپ بىلەن بىللە ياشاش قىزغىنلىقىمۇ بىلىنەتتى. سۇزۇك لەۋلىرى سەل ئېچىلغان بولۇپ، ئېغىز بوشلۇقىدا قارىداپ كەتكەن قان ئۇيۇمىسى بار ئىدى. مۇشۇ قان سوۋۇمىغان ۋاقتىدا چاۋغىيىدىن ئازراق ئېقىپ چىقىپ، كېيىن قېتىشىپ قالغانىدى. ئېچىلىپ تۇرغان ئاغزى ۋە سەدەپتەك چىشلىرىنىڭ ئارىسىدا كىچىككىنە بىر نەرسە چىشلەكلىك تۇراتتى. بۇ نەرسىمۇ قانغا بويالغان هالەتتە بولغاچقا نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىپ بولمايتتى.

ئابلەي جەسەتنىڭ يېتىش هالەتلىرىنى ئانچە مۇهىم هېسابلىمىدى، چۈنكى بۇ قاتىللىق يۈز بەرگەن مەيدان ئەمەس ئىدى. ئۇ دەرهال جەسەتنىڭ قولىنى تارتىپ، ئىككى ئالقىنىنى ئاچتى... ئەگەر ئۇ مەجبۇرى ئۆلتۈرۈلگەن بولسا قارشىلىق قىلغان بولىدۇ. ئۇنىڭ قولىدا قاتىلدىن قالغان بىر نەرسىلەر بولۇشى مۇمكىن... دېگەنلەرنى ئويلىدى ئۇ.

---

[1] پەركا – سىركول، — ئاپتۇر

جەسەتنىڭ بارماقلىرى ئارىسىدا چىمداپ يۇلىۋېلىنغان بىر توپ قىسقا چاچ تۇراتتى. ئابلەي بۇ چاچلارنى قىسقۇچ بىلەن ئېلىپ خاتىرىسى ئارىسىغا سالدى. ئۇ يەنە ئىنسانىنىڭ ئەڭ ئاداققى قارشىلىق قورالى بولغان تىرناقلارنىڭ بىرنەرسە سۈزلەپ بېرىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. شۇڭا ئۇ لوپا ئەينەك بىلەن ھەربىر تىرناققا سەپ سېلىپ قاراشقا باشلىدى. دەرۋەقە ئوڭ قولىنىڭ بىگىز بارمىقىنىڭ تىرنىقىدا ئاقۇش بىر نەرسە تۇراتتى. بۇ تېرىنىڭ پارقىراق قەۋىتىگە ئوخشاپ كېتەتتى. ئۇ قۇرۇپ قالغاچقا ئۇۋۇلۇپ كېتىشى مۇكىن ئىدى. شۇڭا ئابلەي ناھايىتى ئاۋايلاپ ئېلىپ، ئەينەك قۇتا ئىچىگە سالدى. ئۇ جەسەتنىڭ كۆزىگە سەپ سېلىپ قارىغانىدى، ئۇنىڭدا سۈرەتلەر ئۆچكەن بولغاچقا ھېچنەرسىگە ئېرىشەلمىدى، ئەمدى ئۇ جەسەتنىڭ ئاغزىنى تەكشۈرۈشكە باشلىدى. ئۇ بۇنىڭ پاش قىلىشتىكى ئاچقۇچ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ تۇراتتى. شۇڭا ئېغىزدىكى نەرسىنى چىقىرىۋېلىشقا ئالدىرىمىدى. ئاۋال لوپا بىلەن بۇ نەرسىنىڭ ئېغىزغا قىستۇرۇلۇش (ياكى چىشلىنىشى) ھالىتىنى تەپسىلى كۆزەتتى. ئېغىزدىكى نەرسىنىڭ ئازراق بىر قىسمى چىش ئارىسىدا، كۆپرەكى كالپۇك ئارىلىقىدا قىسىلىپ تۇراتتى.

« بۇ نېمىدۇر؟ بارماقنىڭ ئۇچىمىدۇ؟ ياكى...؟ مەيلى نېمە بولسا بولسۇن، ئەگەر ئۆلگۈچى ئۆزى چىشلەپ ئۈزىۋالغان نەرسە بولىدىغان بولسا ئۇ ئېغىز بوشلۇقى ئىچىدە بولىشى كېرەكقۇ؟ ئۇ نېمىشكە چىشنىڭ سىرتىدا تۇرىدۇ؟ ئەجەبا بۇنى باشقىلار قىستۇرۇپ قويغانمۇ؟ ياكى چىشلەپ ئۈزىۋالغاندىن كېيىن تىلى بىلەن ئىتتىرىپ چىقىرىۋەتمەكچى بولغان، ئەمما تولۇق چىقىرىۋېتىشكە ئۈلگۈرمەي نەپەستىن توختىغانمۇ؟...»

ئۇ ئۆمەرنى كۈتۈپ تۇرماقچى بولدى. ئۆمەر كەلگەندىن كېيىن جەسەتنىڭ ئېغىزىدىكى نەرسىنى چىقىرىۋېشنى زۆرۈر تاپتى. چۈنكى ئۇ بۇ دىلونىڭ مەسئۇلى- دە! مۇشۇ پۇرسەتتە ئۇ ئازراق خاتىرە يازدى ۋە گۇمانلىق نوقتىلارنى ئەسكەرتتى. ئاندىن پىكىر يۈرگۈزۈپ، بىردىنلا «ئەگەر جەسەتنىڭ ئاغزىدىكى نەرسە باشقىلار تەرىپىدىن قىستۇرۇپ قويۇلغان بولسا جەزمەن ئۇنىڭدا بارماق ئىزى بولىدۇ. بارماق ئىزى بولمىسا، دېمەك، ئىككىنچى خىل

ئېھتىمال مۇقىملىشىدۇ... » دېگەنلەرنى ئويلاپ قالدى. ھەمدە بۇ ئويلىغانلىرىنى خاتىرىسىگە يېزىپ قويدى.

دادۇيجاڭ ۋە باشقا بىر نەچچەيلەننىڭ ھەمراھلىقىدا ئۆمەرمۇ يېتىپ كەلدى. سېكرىتار ئۆزى ئېيتقاندەك ھەمرا بولالمىغانىدى. ئۆمەر بىلەن دادۇيجاڭنىڭ مۇناسىۋىتى ئالاھىدە ئىلگىرىلىگەن بولۇپ، ئۇزۇن يىللىق قەدىناسلاردەك چاقچاقلىشىپ كېلەتتى.

— خوش، تەكشۈرۈپ كۆردۇڭمۇ؟ بىر قاتارلىق؟— دېدى ئۆمەر، دېھقانلار ئالدىدا ئۆزىنىڭ ھوقۇقلۇق ئورۇندا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشكە ئالدىراپ.

— ھە، ئازراق بىر نېمىلەرنى قىلدىم،— دېدى ئابلەي ئانچە ئوچۇق چىراي ئاچماي، ئۇ ئادەتتىمۇ ئۆمەرنى كۆزگە ئىلمايتتى، دادىسىنىڭ ئابرويىغا تايىنىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بۇ يىگىت كەسپىي بىلىمى يوق، ئۆزى تەنتەك بولغاننىڭ ئۈستىگە ئەمەلدار مىجەزى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئەمدى ئۆزىگە «باشلىق» لىق قىلىش ئۇنىڭغا تازىمۇ ھار كېلىپ تۇراتتى.

— ئەمسە ئۆزەڭنىڭ ئېنىقلىغانلىرىنى دوكلاپ قىلىپ باقمامسەن،— دېدى ئۆمەر ھېچبىر خىجىل بولمايلا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ.

— ئالدى بىلەن ئۆزەڭمۇ بىر قۇر تەكشۈرۈپ كۆرۈپ باقمامسەن، ئاندىن قاراشلىرىمىزنى سېلىشتۇرۇپ باقمامدۇق،...— دېدى ئابلەي. ئۇ ھەم رازۋېدكىنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ساقلاش، ھەم ئۆمەرنىڭ تەييار نەتىجىگە ئېگە بولىۋېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن شۇنداق پوزىتسىيە تۇتقانىدى.

ئۆمەر تەرىنى سوغۇق تۇرۇپ، جەسەتنى ئۆرۈپ- چۆرۈشكە باشلىدى. ئاخىرىدا جەسەتنىڭ ئاغزىدىكى نەرسىنى (چىشلىنىش ھالىتىگە قارىمايلا) چىقىرىۋالدى. ئاندىن كۆزىگە يېقىنراق ئەپكېلىپ سەپ سېلىشقا باشلىدى بارماقلىرى بىلەن مىجىپ باقتى.

— قاراپ باقە، نېمە بۇ؟ — دېدى ئاخىرىدا ئابلەيگە ئۇزىتىپ.

ئابلەي قانغا مىلىنىپ قېتىپ قالغان بۇ نەرسىنى قولىغا ئالدى ئۇ بۇ نەرسىنىڭ نېمىلىكىدىنمۇ كۆرە ئۇنىڭدا بارماق ئىزى بار، يوقلىقىغا دىققەت قىلدى، ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك ئۇنىڭدا رۇشەن بارماق ئىزى باركەن! ئابلەي

شۇندىلا ئۆمەرنىڭ سوئالىنى ئېسىگە ئېلىپ جاۋاب بەردى:

— بۇ ئادەمنىڭ تىلىكەن، تىلىنىڭ ئۇچى....

— ھە!؟ — ئۆمەر قولىغا ئېلىپ يېڭىۋاشتىن...«تەكشۈرۈپ» كۆردە ۋە

— راست، تىل ئىكەن! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى.

دېھقانلار ھەيران بولغىنىدىن ياقىلىرىنى تۇتۇشتى.

# ئۈچىنچى باب. «نەتىجە» ۋە گۇمان

— توۋا، ئادەمنىڭ تىلى؟— دېدى دادۇيجاڭ ئەتراپتىكىلەرگە قاراپ.

— سىنىپىي كۆرەشنى تۇتۇشۇڭلار تازا دېگەندەك بولماپتۇ، دادۇيجاڭ، سىنىپى كۇرەشنى چىڭ تۇتۇش سەپەرۋەرلىك چوڭ يىغىنى ئېچىش ئىنتايىن زۆرۈر بولۇپ قاپتۇ،— دېدى ئۆمەر كۆرەڭلىك بىلەن،— ئۆزەم تۆت ئېغىز بىر نېمە دېمىسەم بولمىغۇدەك.

— شۇنداق قىلىسىلىرىغۇ، دەمدىغان،— دېدى دادۇيجاڭ دوستانىلىق بىلەن،— ئەجرىلىرىنى يەردە قويمايتتۇق.

— بۇنى كېيىن قاراپ بېقىپ بىر نېمە دەي، هە، بۇ دىلوغا كەلسەك، بۇنى پاش قىلىش ئاسانلا گەپ! — ئۆمەر كۆرەڭلىك بىلەن ئەتراپتىكىلەرگە پو ئېتىشقا باشلىدى.

بۇ چاغدا ئابلەي يەنە بىر گۇمانلىق نوقتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش زۆرۈرلىكىنى هېس قىلىپ جەسەت بىلەن هەپىلەشمەكتە ئىدى. چۈنكى جەسەتنىڭ ئاغزىغا قىستۇرۇلغان نەرسە تىل بولغانىكەن بۇ جەسەتنىڭ ئۆزىنىڭ تىلىمۇ؟ ياكى ئىككىنچى شەخسنىڭمۇ؟ دېگەن سوئال تۇغۇلاتتى. هەمدە ئۇنىڭ مۇشۇ ئايالنىڭ چىشىدا چىشلەنگەن ياكى باشقىلارنىڭ چىشىدا چىشلەنگەنلىكىنى ئېنىقلاشمۇ كېرەك ئىدى.

— هە، سەن يەنە نېمە قىلىپ يۈرۈيسەن؟—دەپ سورىدى ئۆمەر.

— بۇ تىل كىمنىڭ تىلى، شۇنى ئېنىقلاش كېرەككقۇ؟ شۇڭا مەن جەسەتنىڭ ئۆزىنىڭ تىلىمۇ قانداق دەپ قاراپ باقتىم. ئۇنىڭ تىلى ساق ئىكەن.

— مەن ئۇنىڭسىزمۇ بىلەتتىم، بۇ چوقۇم قاتىلنىڭ تىلى!ـ ئۆمەر شۇنداق دېدى ۋە خەلق ئەسكەرلىرىگە،— ئەمدى جەسەتنىڭ ئىشى تۈگىدى،

يەرلىكىدە قويسا بولىدۇ،— دېدى ئاندىن دادۇيجاڭغا،— بىز ئىشخانىلىرىنى ئىشلىتىپ تۇرساق قانداق؟ دىلو ئەھۋالىنى مۇزاكىرە قىلىۋالايلى.

— بولىدۇ، بولمامدىغان قولىمىز كۆكسىمىزدە.

ئۇلار دادۇيگە قاراپ كەتتى.

دادۋي ئىشخانىسىدا ئىككى رازۋېدچىكنىڭ مۇزاكىرىسى باشلاندى. ئەمما ئۇلارنىڭ چىققان قۇتۇپلىرى قارىمۇ- قارشى بولغاچقا ھە دېگەندىلا تالىشىپ قېلىشتى.

— مېنىڭچە، جەسەتنى تەكشۈرۈشتە بىزگە كېرەكلىك يىپ ئۇچى كۆپ بولمىدى، يەنى پەقەت ئۇنى ئاغزىدىن چىققان تىلىنىڭ ئۇچىلا بىز ئۇچۇن بىردىن- بىر يىپ ئۇچى لېكىن بۇ ناھايىتى مۇھىم يىپ ئۇچى بولغاچقا باشقىسىنىڭ زۆرۈرىيىتىمۇ يوق. سېنىڭچە قانداق؟

— بەلكىم شۇنداقتۇر، بىراق باشلىقلىرىنىڭمۇ زۆرۈرىيىتى بار.

— نېمە زۇۆرۈرىيىتى بار؟ بىز تىلىنىڭ ئۇچىغا ئاساسەن قاتىلنى ئاسانلا تېپىۋالىمىز، ۋەسسالام!

— مېنىڭچە ئۇنچە ئاسان ئەمەس!

— نېمىشكە ئاسان ئەمەس؟ دادۇيجاڭغا «دەيمىز بارلىق ئەزالارنى دادۇيجاڭنىڭ ھويلىسىغا توپلايمىز. كىمنىڭ تىلىنىڭ ئۇچى ئۈزۈۋېلىنغان بولسا شۇنى قولغا ئالىمىز.

— شۇنداق، بىزنىڭ تىلى ئۈزۈۋېلىنغان ئادەمنى تېپىۋېلىشىمىز ئانچە تەسكە چۈشمەس، بىراق ئۇنىڭ قاتىل بولۇشى ناتايىن!

— نېمىشكە ئۇنداق بولمايدىكەن؟ ئەگەر قاتىل ئۇ ئەمەس بولسا ئۇنىڭ تىلى خەقنىڭ ئاغزىدا نېمە قىلىدۇ؟

— بىراق، ئەگەر ئۇ قاتىل بولسا خەقنى ئۆلتۈرۈۋاتقىچە «تىلىمنى چىشلىۋالغىن» دەپ تىلىنى خەقنىڭ ئاغزىغا سېلىپ بېرەمدۇ؟ ئەگەر ئۇ بارماقنىڭ ئۇچى بولغان بولسا بۇنى چۈشەندۈرۈش ئاسانراق بولغان بولاتتى. بىراق، تىل دېگەن ئېغىزنىڭ ئىچىدە، ئۇنى ئىختىيار قىلىپ چىقىرىپ بەرمىسە چىشلىۋالغىلى بولمايدۇ ـ دە!

— ئەگەر مۇنداق ئەھۋال بولغان بولسىچۇ،— ئۆمەر دانالارچە ئەلپازدا سەل توختىتۋېلىپ، ھېكايە قىلىشقا باشلىدى،- ئۇلار ئىزچىل تۇردە غەيرى ئەخلاقى مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن، ئاخىرقى قېتىمدا ئۇلار يەنە خالىدا ئۇچراشقان، ئامراقلىقنى ئىپادە قىلىدىغان جىمى قىلىقنى قىلىشقان، شۇ چاغدا ئايال ئەرنىڭ تىلىنى شورىغان ۋە چەكتىن ئاشقان چاقچاق بىلەن «ئامرىقى» نى تېرىكتۇرۇشكە نىيەت قىلىپ قاتتىق چىشلىۋالغان. ئەر جان ئاچچىقىدا ئىختىيارسىزلا ئۇنىڭ گېلىنى بوغقان ئايال نەپەس ئالالماي قېلىپ چاخچىقى ئاچچىققا ئايلانغان - دە، رەسمى چىشلەشكە ئۆتكەن، ئەرمۇ ئۇنىڭ گېلىنى تېخىمۇ بوغقان. بۇنداق يامان ئادەملەر ئەسلىدىمۇ گۇمانخۇر، بىر – بىرىگە ئىشەنمەسلىك پوزىتسىيىسىدە بولغاچقا ئەر «ئۇ مېنى ئەيىپناق قىلىپ قويماقچى بولسا كېرەك، ئۇنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپتۇ» دەپ ئويلاپ، تىلىنى قويۇپ بېرىشكە مەجبۇر قىلىش ئۈچۈن قاتتىقراق كۈچەپ ئايالنىڭ گېلىنى سىققسا ؛ ئايال :« ئۇ مەندىن زېرىكىپ مېنى يالتايتىش ئۈچۈن شۇنداق ئەسكىلىك قىلىۋاتسا كېرەك» دەپ ئويلاپ تېخىمۇ قاتتىقراق چىشلىگەن... ئاخىرىدا ئايال ئۆلۈپ قالغان، بۇ قەستەنلىك بولماي، ئىختىيارسىز قاتىللىق بولۇپ، ھايت ـ ھۇيت دېگۈچىلا بولۇپ ئۆتكەن، ئەر قورقۇپ كېتىپ، جەسەتنى كوچا دوقمۇشىغا ئەپكېلىپ تاشلىغان...

ئابلەي ئويلىنىپ قالدى، بۇنداق ئېھتىمالنى يوققا چىقارغىلى بولمايتتى.

— بەلكىم...

— «بەلكىم» دەيدىكەنسەن! شۇنداق، دەل شۇنداق! يەنە نېمە؟ بىز دەرھال دادۇيجاڭغا دەپ جىمى ئەر- ئايال، قېرى ـ ياش ئەزالارنى مۇشۇ يەرگە يىغدۇرايلى، تىلى چىشلىۋېلىنغان ئادەمنى تاپساقلا بولدى.

— بولىدۇ، شۇنى تاپايلى، بىراق، بۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈن كەنتنى قوزغاشنىڭ، بۇ يەرگە توپلاشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ خەلق ئەسكەرلىرىگە تاپشۇرساقلا تېپىپ كەلمەمدۇ؟

— بىراق، بىز خەلق ساقچىلىرى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، دېھقان

قېرىنداشلىرىمىزغا بىر قېتىم سىنىپى كۈرەش دەرسى بەرسەك تېخىمۇ ياخشى ئەمەسمۇ؟— دېدى ئۆمەر ئۆزىنى كۆرسىتىشنىڭ كەم تېپىلىدىغان پۇرسىتىنى قولدىن بەرگۈسى كەلمەي.

ئابلەي ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشىنىپ «بىلگىنىڭنى قىل» دېگەندەك قول سىلكىپ قويدى. ئۆمەر دادۇيجاڭغا ئۇقتۇرغىلى چىقىپ كەتكەندە ئۇ جىددى تۇتۇش قىلىپ، ھېلىقى تىل ئۇچىدىكى بارماقنىڭ ئىزىنى سۈرەتكە ئالدى.

دادۇيجاڭ بارلىق ئەزالارنى دادۈي ھويلىسىغا يىغىش ھەققىدە ئەترەت باشلىقىغا يوليۇرۇق بېرىپ، ئۆمەر بىلەن ئىشخانىغا كىرگەندە ئابلەي ئىشلىرىنى تۈگەتكەنىدى. ئۇ ئۆزى ئىگىلىگەن يىپ ئۇچلىرى ھەققىدە تەھلىل يۈرگۈزىۋاتقان ئارىلقتا ئۆمەر بىلەن دادۇيجاڭ ئىككىسى پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشتى. سىرتتا ئەترەت باشلىقلىرىنىڭ كانايلىرى يىراق- يېقىندىن ياڭراشقا باشلىغانىدى. كانايىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھامان مىسلىسىز ئېغىر يۈك ئۈستىگە ئارتىلىۋاتقاندەك سەلبى تەسىرگە ئۇچرايدىغان دېھقانلارنىڭ بەدەنلىرى تىكەنلىشىپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار كاناي ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھامانلا بەلگىلەنگەن جايغا يېتىپ بېرىشقا ئادەتلەنگەچكە بۇ ئىشمۇ كۆپ كېچىكمىدى.

ئەزالارنىڭ يىغىلىپ بولغانلىقى خەۋەر قىلىندى. پۇرسەتنى غەنىمەت بىلگەن ئۆمەر خۇددى يوقۇرىدىن كەلگەن باشلىقتەك كىرىلىپ ئىشخانىدىن چىقىپ، سۇپىنىڭ لېۋىگە كەلدى. ئۇنىڭ خىيالى تەسەۋۋۇرىدا مەشھۇر يىغىن زاللىرىدا- ياسىداق سەھنىدە مىكرافون ئالدىدا تۇرغاندەك ئىدى. ئۇ ئۆز نۇتقىنى ئەنە شۇندا ئۇلۇغلۇق ئىچىدە باشلىدى:

— سىنىپى دۈشمەنلەر، كونا- يېڭى ئەكسىلئىنقىلاپچىلار، سىنىپى يات ئۇنسۇرلار پىرولتارىيات دىكتارتۇرسىنىڭ پولات مۇشتىدىن مەڭگۈ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ! بىز ھۇشيارلىقنى ئۆستۈرۈپ، سىنىپى كۈرەشنى چىڭ تۇتۇپ...

ئابلەينىڭ سەپرايى ئۆرلەشكە باشلىدى، ئەمما ئاچچىقىغا ھاي بېرىپ، «نۇتۇق» نىڭ تاماملىنىشى كۈتتى.

— سىنىپى كۆرەش ھەرۋاقىت، ھەرسائەت بولۇپ تۇرىدۇ، دۈشمەن بىزنىڭ ئىچىمىزدە. شۇڭا بىز ھەممىمىز پائال ھەرىكەتكە كېلىپ، ھەرخىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك!... ئامىنى دادىل ھەرىكەتلەندۈرۈپ... ئامىۋى لۇشيەندە مېڭىپ،... ئامىغا تايانساقلا، بۆسۈپ ئۆتكىلى بولمايدىغان توسالغۇ يوق!...

ئابلەي ئىختىيارسىزلا مىيىقىدا كۈلۈپ سالدى، بۇ گەپلەرنى ئەترەت باشلىقى يىغىن ئاچسىمۇ، ھاكىم يىغىن ئاچسىمۇ، ۋالى دوكلات بەرسىمۇ دەيدىغان گەپلەر بولۇپ، گېزىتلەرنىڭ بەتلىرىدىكى «مۇھىم» سەھىپىلەرمۇ مۇشۇنداق گەپلەر بىلەن تولغانىدى.

— دۈشمەن بىزنىڭ ئىچىمىزدە! سۇ ئۇخلىسا ئۇخلايدۇ، دۈشمەن ئۇخلىمايدۇ! بىز ھازىر تەكشۈرۈشنى باشلايمىز...

ئۆمەر ئابلەينى چاقىردى ۋە بىر نەچچە قوراللىق خەلق ئەسكىرىنىڭ ھەمرالىقىدا دېھقانلار توپىنى تەكشۈرۈشكە باشلىدى چىشى ئاغرىپ قېلىپ ئاغزى- بۇرنىنى چۈمكىۋالغان كىشىلەرنىڭ ماسكا، ياغلىقلىرى تارتىپ ئېچىۋېتىلدى. ئۇلارنىڭ ئىزدەۋاتقان دۈشمىنى ئاغزى ئاغرىق كىشى ئىدى- دە!...

نىھايەت بۇلارنىڭ ئىچىدىن ئۇلار ئىزدىگەن ئادەم تېپىلمىدى.

ئۆمەر ئىنتايىن جىددىيلەشكەن ھالدا دادۈيجاڭنىڭ ئالدىغا كەلدى:

— دادۈيجاڭ، بۇ قانداق بولغىنى؟ يا جىنايەتچى قاچقان! يا بولمىسا كەلمىگەن! كەلمەي قالغان ئادەملەر بارمۇ- يوق، ئەترەتلەر بويىچە يوقلىما قىلىڭلار!

دادۈيجاڭ دەرھال ئەزالارغا يېقىملىق ئاڭلىنىدىغان كانايىنى ئاغزىغا تۇتۇپ، ئەترەت باشلىقلىرىغا يېڭى بۇيرۇقنى جاكالىدى. ئەترەت باشلىقلىرى ئۆز تەۋەسىدىكى ئادەملەر توگۇل چارۋا- ماللارغىچە بەش قولدەك بىلىدىغان بولغاچقا يوقلىما قىلىشقا ھاجەت بولمايلا بىرى دادۈيجاڭنىڭ ئالدىغا كەلدى:

— بىزنىڭ ئەزالاردىن بىرسى كەلمىگەن.

— نېمىشقا؟

— ئېغىر كېسەلكەن، باش- كۆزىنى تېڭىپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپتىكەن، كېلەلمەيدىغاندەك تۇردى. شۇڭا...

— هەي، سىلەرنىڭ سىنىپى هۇشيارلىقىڭلار نېمە دېگەن تۆۋەن!،— دەپ ۋارقىرىدى ئۆمەر،— دۈشمەننىڭ مىكرىسى تولا بولىدۇ، بىزگە كىرگىمۇ دەل ئاشۇنداق كېسەل كىشى! دادۇيجاڭ، دەرھال ئادەم بۇيرىسىلا، ئاشۇ ئادەمنى پۈتىنى يەرگە تەككۈزمەي ئېلىپ كەلسۇن.

— كىم ئىدى ئۇ؟— دادۇيجاڭ ئەترەت باشلىقىدىن سورىدى.

— تاھىر «شوخ».

— ھە!؟—دادۇيجاڭنىڭ چىرايىدا ھەم ھەيرانلىق، ھەم خۇشاللىق ئىپادىلەندى، بۇ شۇنداق خۇشاللىق ئىدىكى، مەخسەدكە يەتكەن ئاداۋەتچىلەر ئەنە شۇنداق خۇشاللىق تۇيغۇسىدا بولاتتى. شۇڭا ئۇ دەرھال شۇ ياقتا خەلق ئەسكەرلىرىدىن تۆتنى بۇيرىدى. ئارقا- ئارقىدىن تاپىلىدى، لاۋزىلىق بىلەن بۇيرۇقنى تەكرارلاپ، تاكى ئۇلارنىڭ قارىسى كۆزدىن يوقالغىچە ۋارقىراپ، ئۆگىتىلا تۇردى.

باش- كۆزلىرى تېڭىلغان «كېسەل» سورۇنغا ئېلىپ كېلىندى. دادۇيجاڭ بىلىنەر- بىلىنمەس كۈلۈمسىرىۋىدى، ئابلەي كۆرۈپ قالدى، ئارقىدىن دادۇيجاڭ ئۆمەرنىڭ قۇلىقىغا بىر نېمىلەرنى پىچىرلىدى. ئۆمەر خەلق ئەسكەرلىرىگە تاھىر «شوخ» نىڭ باش كۆزىدىكى تېڭىقلارنى يېشىشنى بۇيرىدىكى، تاھىرنىڭ بېشى، بولۇپمۇ يۈزى ئادەتتىن تاشقىرى ئىششىپ كەتكەن بولۇپ، ئاغزىنىڭ چۆرىسىدە قېتىشىپ قالغان قان داغلىرى مانا مەن دەپ كۆرىنىپ تۇراتتى.

— ھە، نېمە بولدۇڭ؟— قەھرى بىلەن سورىدى ئۆمەر.

تاھىر جاۋاب بېرەلمىدى. ئۇ جاۋاب بېرىشكە قادىر ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئىششىپ كەتكەن قوۋزى شۇ تاپ ئۇنىڭ تىلى ئىششىپ ئېغىز بوشلۇقىغا لىق كەپلىشىپ قالغانلىقىنى مانا مەن دەپلا بىلىندۇرۇپ تۇراتتى.

— نېمە بولدۇڭ دەۋاتىمەن! — تەكرارلىدى ئۆمەر.

— ئۇ سۆزلىيەلمەيدۇ، نېمىشكە بىھۇدە ۋارقىرايسەن،— دېدى ئابلەي

نارازىلىق بىلەن.

— سەن قولغا ئېلىندىڭ! — دېدى ئۆمەر جاكارلاپ،— بۇنى ھازىرچە دادۇيدە بىر يەرگە سولاپ قويۇپ تۇرۇڭلار،— ئۇ خەلق ئەسكەرلىرىگە شۇ بۇيرۇقنى بېرىپ، ئارقىدىن خالايىققا سىنىپى ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈش توغرىسىدا ۋەز ئېيتىشقا باشلىغاندا تاھىر «شوخ»نىڭ ئايالى ئۇن سېلىپ يىغلاپ ئۇنىڭغا ھالاقەت بەردى.

شۇ پۇرسەتتە ئابلەي تاھىر «شوخ»نىڭ يۈزىگە ئىنچىكىلىك بىلەن سەپ سېلىپ نېمىدۇر بىر نەرسىنى ئىزدىدى.

ئابلەي ئۆمەر بىلەن بىللە دادۇيجاڭنىڭ ئىشخانىسىغا كىرگەندىن كېيىن ئۆمەر خۇشاللىق بىلەن قوللىرىنى ئىشقىلاپ، تەنتەنە بىلەن:

— ئەمدى دىلونى نەتىجىلەندى دەپ قارىساق بولىدۇ، قاتىلنى سوراق قىلغاندىن كېيىن دوكلاتنى يازساقلا بولىدۇ، ئىش تامام.

— تېخى ئۇنى قاتىل دېيىشكە تولۇق ئاساس يوق،— دېدى ئابلەي خاتىرجەم ھالدا.

— نېمىشكە؟ تىلى چىشلىۋېلىنغان شەخس دەل تاھىرنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلماقچىمۇ سەن؟ مەن باشتىلا بۇ سىنىپى كۈرەشنىڭ بىر خىل ئىپادىسى بولۇشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تەركىۋى ساغلام ئەمەس دەپ پەرەز قىلغانىدىم.

— بۇنىڭدىن گۇمانلايمانمەن، بىراق، بۇ ھەممىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ.

— مېنىڭچە قەتئى شۇ! مەن بۇنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيمەن. شۇڭلاشقا دەرھال خۇلاسە ماتېرىيال يېزىش كېرەك. مەن بۇ ئىشنى ساڭا تاپشۇرىمەن!

— مەن تېخى بۇ خۇلاسەڭگە قوشۇلغىنىم يوق، شۇڭا ماتېرىيال يازمايمەن.

— نېمە ؟ سەن مېنىڭ بۇيرۇقۇمدىن باش تارتماقچىمۇ؟

— ئۇنداق ئەمەس، بۇ ئىلمىي پاكىت تەلەپ قىلىدۇ. بىز تاھىرنىڭ ئايالى بىلەن سۆزلىشىشىمىز كېرەك. ئاندىن شىرىننىسانىڭ قوشنىلىرى

بىلەنمۇ سۆزلىششكە توغرا كېلىدۇ. مېنىڭچە بۇ دىلودا ئۈچىنچى شەخسنىڭ قولى بار. دەل شۇ ئۈچىنچى شەخس قاتىل!

— مەن تاھىرنىڭ ئايالى بىلەن سۆزلىشىشكە قارشى ئەمەس، بىز قاتىللىق يۈز بەرگەن كېچىسى تاھىرنىڭ ئۆيىدە بولغان بولمانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپ باقساق يامىنى يوق، باشقىلار بىلەن سۆزلىشىشكىمۇ بولىدۇ، مېنىڭچە بۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ قاراشلىرىمنى ئىسپاتلايدۇ.

— نېمىنى ئىسپاتلىسا مەيلى، بىراق، خۇلاسە ئالدىراپ چىقىرىلسا بولمايدۇ، ماتېرىياللار تولۇق بولغاندىن كېيىن خۇلاسە قىلساقمۇ كېچىكمەيمىز.

— بولىدۇ، ئەمسە ئاۋال تاھىرنىڭ ئايالىنى بۇ يەرگە چاقىرتايلى.

— بۇنىسى ئانچە ياخشى بولماسمىكىن، ئۇ بۇ يەردە قورۇنۇپ ياكى باشقا سەۋەپلەر بىلەن چەكلىنىپ قېلىپ سۆھبەت ياخشى ماڭمايدۇ. ئەڭ ياخشىسى بىز ئۇنىڭ ئۆيىگە بارايلى.

ئۆمەر ئابلەيىنىڭ كۆزىگە نارازىلىق بىلەن بىر قارىۋالغاندىن كېيىن بېرىشقا قوشۇلدى.

# تۆتىنچى باب. ئىككى خىل ئەقلى خۇلاسە

ئۇلارنى يىغىدىن كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن، ياش جۇۋان كۈتىۋالدى. ئۇنىڭ قورقۇۋاتقانلىقىنى قىياس قىلىش تەس ئەمەس ئىدى.

— بىز سىلىگە مېھمان بولغىلى كەلمىدۇق، گەپ سورىغىلى كەلدۇق!ـ دېدى ئۆمەر داستىخان سېلىش بىلەن ئاۋارە بولىۋاتقان ئايالغا توختىلۇق بىلەن دوق قىلىپ ئايالنىڭ كۆزلىرى بىچارىلىك بىلەن مۆلدۈرلەپ كەتتى.

ئابلەي خىزمەتدىشىغا نارازىلىق بىلەن قاراپ قويدى ۋە :

— ئېپىپ كېلىۋەرسىلە، بۇ ئاغىنىمىز چاي ئىچمىسە مەن ئىچىمەن،— دېدى مۇلايىم ئاھاڭدا، دوستانىلىق بىلەن .

بىر قوللىغۇچىنىڭ بولىشى ھەرقاچانقىدەك ئۆز رولىنى كۆرسىتىپ، ئايالغا جۈرئەت ۋە ئۆز ئىززەت نەپسىنى قوغداش تۇيغۇسىنى بەخش ئەتتى:

— گەپ سوراملا، سورىماملا ئۇ ئۆزلىرىنىڭ ئىشى، ئۆيگە كىرگەن ئىكەنلا، داستىخان سېلىش مۇسۇلمانچىلىق، ئادىمگەرچىلىك قەرزىمىز، ئىچمىسىلە زورلىمايمەن، ۋىيەي!

ئۆمەرنىڭ تېنى سەل تىكەنلەشكەندەك بولۇپ كەتتى، شۇنداق بولسىمۇ چەك- چېگرىسى تازا ئېنىق بولمايۋاتقان خىزمەتدىشىغا نارازى بولدى، بىراق گەپ قىلمىدى. ئۇ مۇشۇ جەھەتلەردە پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ھېس قىلغان بولسىمۇ، ئاشكارا ئېتىراپ قىلىشنى ئۆز شەنىگە توغرا كەلمەيدىغان ئىش دەپ قارىدى. شۇڭا پېتىدىن چۈشمەي ئولتۇرۇپ، لەۋزىگە ئەمەل قىلىپ داستىخانغا نەزەرمۇ سالمىدى. ھەقىقەتەنمۇ داستىخان كىشىنى جەلىپ قىلغۇدەك ئەمەس ئىدى. بۇ كۈنلەردە «مال باھاسى مۇقىم، بازارلار ئاۋات، خەلق تۇرمۇشى كۈندىن- كۈنگە يۈكسەلمەكتە...» دەپ گېزىت- ژۇرنال،

رادىئولاردا لاپ ئېتىلىپ تۇرۇلغىنى بىلەن، داستىخاندا ئات چىشى شەكىلدىكى سېرىق كۆمىە زاغرىسىدىن باشقا نەرسە بولمايتتى. ئابلەي زاغرىنىڭ نېپىز تەرىپىدىن ئۇشتىۋېلىپ، ئىشتىھا بىلەن نان يېگەچ:

— مالال كۆرمىسىلە، سىلىدىن بىر نەچچە ئېغىز گەپ سورىماقچىمىز، بۇنىڭغا توغرا جاۋاب بەرسىلە تاھىرنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن پايدىسى بار، — دېدى.

— سورىسىلا، بىلگىنىمنى دەپ بېرىمەن،— ئايال يەنە يىغلامسىراشقا باشلىدى.

— شىرىنىنىسانى بىرسى ئۆلتۈرۈپ كوچا دوقمۇشىغا تاشلىۋەتكەن كېچىسى تاھىر ئۆيدە بارمىدى؟

— ھە، ئۆيدە بار... مىجەزى يوق يېتىپ قالغان...

— مىجەزى نەگە كەتكىنىنى بىز بىلىمىز، يېتىپ قېلىشتىن ئىلگىرىكىنى دېسىلە! راستىنى دېسىلە، راستىنى،— دېدى ئۆمەر گەپ قىستۇرۇپ.

— راستى شۇ، مانى! بىلگەن ئادەم سورىمىسىمۇ بولىدىغۇ...،— ئايالنىڭ سەل تۈكى تەتۈر ئۆرلىدى.

— ياخشىراق ئەسلەپ باقسىلا،— دېدى ئابلەي تېخىمۇ مۇلايىم بولۇشقا تىرىشىپ،— ئۇ ئەمگەكتىن قايتىپ ئۆيگە كەلگەن، شۇنداقمۇ؟

— ھەئە، ئاندىن كەچتە دولقۇنغا چىقتۇق...،— ئابلەينىڭ ئاۋازى ئايالنىڭ كۆڭلىنى سەل يۇمشاتتى ۋە سىر ساقلاش توساقلىرى بىر - بىرلەپ يىمىرىلىپ، كارغا كەلمەيۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ ئۆزىنىمۇ ھەيران قالدۇردى.

— كەچلىك تاماقنى ئۆيدە يېگەنمۇ ياكى شۇ چاغدا چىقىپ كەتكەنمۇ؟

— تاماقتا ئۆيدە بار ئىدى، مەن ئاشنى پىشۇرغىچە قوتاننىڭ قىغىنى چىقارغان.

— تاماقتىن كېيىن...؟

— تاماقنى يەپ بولىشىمىزغىلا كاناي تولىدى، دولقۇنغا ماڭدۇق. بىزنىڭ بۇ يەردە شۇ، تاۋاق- قوشۇقنى جايىغا تاشلاپ، قازان- قۇمۇشنى

يۈيۈشقا ئۆلگۈرمەيلا، دولقۇنغا تۇۋلايدۇ. ...

— دولقۇندىن كىرىپ ئۇ...؟ — ئابلەي ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن سوراۋاتقاچقا سوئالنى تولۇق سوراشنىمۇ بىر خىل قوپاللىقتەك ھېس قىلىپ، ئاھاڭ بىلەنلا مەقسەدنى ئىپادە قىلىدىغان بولدى.

— دولقۇندىن كىرىپ مەن قازان قۇمۇشنى يىغىشتۇرغىلى تۇردۇم ئۇ... ئۇ شۇ چاغدا ئۇ ...ـ ئايال مەڭدەپ قالدى ئۇ نېمە دېسەم پايدىلىقراق بولىدىكىن دەپ ئۇياق - بۇياققا قارىدى، ئابلەيگە، ئۆمەرگە نۆۋەت بىلەن قارىدى.

— راستىنى ئېيتىسىلا، بۇنىڭ تاھىر ئۈچۈن پايدىسى بار، تاھىرغا ھېچ ئىش كەلمەيدۇ، قورقمىسىلا، ماڭا ئىشەنسىلە.

ئۆمەر ئابلەيىنىڭ بۇ خىل سوئال سوراش پۇزىتسىيىسىدىن يەنە ئاچچىقى كېلىپ قالدى، شۇڭا:

— راستىنى ئېيتقانلىرى ياخشى، بىز بەربىر ئىسپاتنى قولغا چۈشۈرىمىز، ئۇ چاغدا... دېدى پوپوزا قىلىپ.

ئايال مەدەت تىلىگەندەك ئابلەيگە قارىدى، نېمىشكىدۇر ئۇنىڭ سەزگۈلىرى ئابلەينى ئۆزىگە ياردەم بېرىدىغاندەك ھېس قىلدۇرۇپ تۇراتتى.

— خاتىرجەم بولۇپ راستىنى دەۋەرسىلە،— دېدى ئابلەي ئۇنىڭ روھى ھالىتىنى چۈشىنىپ .

— ئۇ ... ئۇ چاغدا بىر ياققا چىقىپ كەتكەن..

— قەيەرگە بارىدىغانلىقىنى ئېيتقانمۇ؟

— ياق،...ھە، بىر ئاغىنەمنىڭكىدە ئولتۇرۇپ كېلىمەن دېگەندەك قىلغان.

— ئۇ يەردىن خېلى كەچ قايتتىغۇ دەيمەن؟

— ھە... ئانچىمۇ كەچ ئەمەس، مەن باللارنى ئۇخلىتىپ، تېخى ئۆزۈم ياتمىغان.

— بىراق، شۇ چاغ ئېغىر ياتقۇ مەزگىلىمۇ قانداق؟

— ياق، خۇپتەن بىلەن.. خەق خۇپتەندىن يانمىغان چاغمىدىكىن...

— شۇ چاغدا ئۇ ئاغزىنى چاڭگاللاپ، ئاللا تۇۋا بىلەن كىرگەندۇ؟ـــ ئۆمەر

سوغۇق پۈزتسىيە بىلەن مەسخىرىلىك سورىدى.

— ...

— راست شۇنداقمۇ؟— ئابلەي كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ سورىدى.

ئايال ئىلتىجا قىلغاندەك، كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ ئابلەيگە بىردەم تىكىلدى، ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرىدا ياش لىغىرلاپ تۇراتتى. ئۇ ئابلەينىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان چىرايىدىن ئىشەنچكە ئېرىشكەندەك:

— ھەئە...،— دېدى بوش ئاۋازدا.

— تاھىر نېمە بولغانىكەن؟— سورىدى ئۆمەر.

— ئاغزىنى مەھكەم تۇتۇۋاپتىكەن، گەپ قىلمىدى، باش كۆزىنى تېڭىپ قوي دەپ شەرەت قىلدى، ئاغزىدىن قان ئېقىپ تۇراتتى....

— مېنىڭ ئويغىلىغىنىمدەك چىقتى،— دېدى ئۆمەر كۆرەڭلەپ، ئابلەيگە سەل ئىگىشىپ.

— ئۇ كېيىنمۇ نەگە بېرىپ، نەدە شۇنداق بولغانلىقىنى ئېيتمىدىمۇ؟

— ياق، تىلى ئىششىپ ئاغزىغا پاتماي قاپتۇ... ئەتىسى مەن تېڭىقنى يېشىپ ئېغىز باشلىرىنى يۇيۇپ، باشقىدىن تېڭىپ قويay دەپ قارىسام شۇنداق... يۈز - كۆزىمۇ ئىششىپ كېتىپتۇ...

— سىلىنىڭچە تاھىر قەيەرگە بېرىشى مۇمكىن؟ بىرەر گۇمانلىرى بارمۇ؟

— ...

— تاھىرنىڭ شىرىنىسا بىلەن مۇناسىۋىتى بارمىدى؟ ئىلگىرى سىلى گۇمانلانمىغانمۇ؟

— ياق، ئۇ ئۇنداق ئادەم ئەمەس، تالاغا قارايدىغان قىلىقى يوق!

— تاھىر «شوخ» دېگەن لەقەم نېمىشكە قويۇلغان ئەمىسە؟!- ئۆمەر يەنە ھۆرپەيدى.

— ئۇ دېگەن ناخشا- سازغا ئامراق، ئۆزى چىقىشقاق، مىجەزى ئوچۇق بولغاچقا شۇنداق دەۋالغان گەپ!... ئۇ بىردەم چاناقلىرىنى كېرىپ، تېز- تېز نەپەس ئالغاندىن كېيىن قوشۇپ قويدى،— تاھىردەك يالاڭتۆشكە كىم

قارايدۇ، شىرىنىنسا دېگەن ئوقۇرى ئىگىز، ھالى ئۇستۇن ئايال ئىدى، رەھمەتلىكنىڭ غەيۋىتى بولمىسۇن، ئىشقىلىپ ئۇنىڭ باشقا ئادەملەر بىلەن، ھېلىقىدەك نام ـ ئەمەلى بار ئادەملەر بىلەن گېپى چىققان...

— كىم بىلەن؟ كىم بىلەن!؟— ھولۇقۇپ سورىدى ئۆمەر.

— ئىشقىلىپ، كادىرلار بىلەن ـ دە...

ئابلەي كۆڭلىدە پەيدا بولىۋاتقان ئاللىقانداق گۇمان كۈلەڭگۈسىنىڭ بارغانسېرى روشەنلىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۆزىنىڭمۇ كۆڭلى روشەنلىشىپ قالدى.

ئۇلار سۆھبەتنى شۇ يەردە توختاتتى، سوراق خاتىرىسىگە ئايال ئىمزا قويغاندىن كېيىن، ئابلەي ساھىپخانغا ئۆزرە ئېيتىپ ئورنىدىن تۇردى.

— بىز يەنە كېلىپ سىلىنى مالال قىلىشىمىز مۇمكىن، كېيىنكى ئەھۋاللاردا يەنە سورايدىغان بىر ئىش چىقىپ قالسا.

************

ئۇلار يولدا كېلىۋاتقىچە ئۆمەر كۆرەڭلىك ۋە مەنسىتمەسلىك بىلەن ئابلەيگە:

— قانداق ؟ مېنىڭ دېگەنلىرىم راست چىققاندۇ؟

— ياق تېخى، بۇ خېلى كۆپ ئىسپات تەلەپ قىلىدۇ.

— سەن تازىمۇ سېسىق زىيالى ئىكەنسەنغۇ؟ ئۆزەڭنىڭكىنىلا راست قىلامسەن؟ سەن يەنە نېمىگە ئىسپات كېرەك دەيسەن؟

— تاھىرنىڭ تىلى چىشلەنگىنى، بۇ تىلنىڭ شىرىنىنسانىڭ ئاغزىدىن چىققان تىلنىڭ پارچىسى شۇ ئىكەنلىكى ئېنىق، ئەمما ئۇنى زادى كىم چىشلەپ ئۈزىۋالدى، بۇنىسى تېخى ئېنىق ئەمەس، توغرا، بۇنى تاھىرنىڭ ئۆزىدىن سوراپ بىلگىلى بولىدۇ، بىراق، بۇنىڭ قاتىللىق بىلەن مۇناسىۋىتى بارمۇ ـ يوق، بولسا قانچىلىك؟ بۇلار تېخى نامەلۇم.

— تاھىرنىڭ ئۆلگۈچى بىلەن غەيرى ئەخلاقى مۇناسىۋىتى بارلىقى

جەزمەن، بۇنىسى ئېنىقلانسىلا قاتىللىقنىڭ جەريانى مەن دېگەندەك بولغان بولىدۇ، بۇنى قاتىل ئېتىراپ قىلمىسىمۇ بەرىبىر، ھەقىچان ئۇ جىنايەتنى بويىنىغا ئالمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئىستىلى مۇناسىۋىتىنى ئېنىقلاش تەس ئەمەس، بۇنىڭ ئۈچۈن ئامىمىغا تايانساقلا ھەممە ئىش ئۆز- ئۆزىدىن يېشىلىدۇ، دادۇيجاڭغا دەيمىز ـ دە، ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن يىپ ئۇچىغا ئېرىشىمىز.

— مەن ئۆلگۈچىنىڭ قوشنىلىرى بىلەن كۆرۈش زۆرۈر دەپ قارايمەن.

— مەن ئۆز پىكرىمدە قالىمەن، بارىمەن دېسەڭ بېرىۋە، مەن دادۇي رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشىمەن، دادۇيجاڭ ئۆز تەۋەلىكىدىكى ئاشكارا- يوشۇرۇن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىشى چوقۇم.

شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئۆز يوللىرىغا مېڭىشتى. ئابلەي بۇ ئىشتا ئۆمەرنىڭ جەزمەن مەغلۇپ بولىدىغانلىقىنى جەزملەشتۇردى ھەمدە ئۇنىڭغا ئۆزى ئېرىشكەن مۇھىم يىپ ئۇچى، نازۇك ھالقىلار ھەققىدە سۆز ئاچماي، ئۇنىڭ شەرمەندە بولۇشىنى كۆرۈپ باقماقچى بولدى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇلار ئاللىقاچان ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنگەن بولۇپ، ھەرئىككىسى ئۆز ئالدىغا ئۇتۇق قازانماقچى ئىدى.

ئابلەي شىرىنىنسانىڭ ئۆيى ئالدىغا كەلدى. ئۇلارنىڭ دەرۋازىسىنىڭ قانىتى ئوچۇق بولۇپ، ئېغىلنىڭ يېنىدىكى تونۇر كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ ئەتراپنى بىر قۇر كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن ئاياقتىكى قوشنا ھويلىغا كىرىپ كەلدى. ئۇ زاھىرنىڭ قوشنىلىرى ھەققىدە يولدىلا بىر نەچچە دېھقاندىن سۈرۈشتۈرۈپ، بەزىبىر مەلۇماتلارنى بىلىۋالغان ھەم مۇشۇ ھويلىغا كىرىشنى قارار قىلغانىدى.

ھويلىدا بىر موماي تونۇر بېشىغا تېزەك يېيىۋاتاتتى. ئابلەي ئۇنىڭ زەينەپخان موماي ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىپ بىلىۋالدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، چوڭ ئانا،— دېدى ئابلەي سالام بېرىپ.

— كەلسىلە، كەلسىلە بالام،— دېدى موماي سۆۋەتنى يەردە قويۇپ، قوللىرىنى قولتۇقىغا ئېرىتقاچ بۇ تەرەپكە كېلىپ،— ئۆيگە چىسىلە.

موماي كونا زاماندىن قالغان قوش قاناتلىق ئىشىكنى ئېچىپ،

مەڭدىگەن هالدا مېھماننى تەكلىپ قىلدى. ئۇنىڭ ئۆي بىر ئاشخانا، بىر دالاندىن تەركىپ تاپقان، ھەممە يېرىدىن غېرىپچىلىق يىغىپ تۇرغان ئۆي بولۇپ، ئۇنىڭ تۇل خوتۇن ئىكەنلىكىنى بىلىندۇرۇپ تۇراتتى.

— ھويلىدىلا ئولتۇرايلى،— دېدى ئابلەي ھويلىدىكى سۇپىدا بىر پارچە ئۆچكە تېرىسى ئۇستىگە ئولتۇرۇپ،— سىلىنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم، ئازراق ۋاقىتلىرىنى ئېلىپ، سورايدىغان گەپ بار ئىدى.

— بولىدۇ، غوجام، بولىدۇ، ئۆيگە چىسىلە بولاتتى، مەيلى، ئىختىيارلىرى، توختىسىلا، كۆرپە سالاي، بىر قوشۇق چاي ئىچسىلە.

— بولدى، بولدى، چوڭ ئانا، ئاۋارە بولمىسىلا، مەن بەك ئالدىرايمەن، چاينى ئىچىشكە ئۈلگۈرمىمىز، مەن تېخى يەنە كېلىمەن، ماقۇل دېسىلە.

ئابلەي موماينىڭ مېھماندوستلىقىغا تەشەككۇر ئېيتىپ، ئۇنى قېشىدا ئولتۇرۇشقا ئۈندىدى.

— مەن سىلىدىن قوشنىلىرى ھەققىدە بىر نەرسە سورىماقچىدىم، بىلگەنلىرىنى ئاڭلىغانلىرىنى ئېيتىپ بەرسىلە بولدى.

— ماقۇل، بىلسەم دەپ بېرەي، ھۆكۈمەت دېگەننىڭ گېپىگە ياق دېسە بولمايدۇ ـ دە،

— سېلى شىرىنىنىسانىڭ ئۆلۈمىگە نېمە دەپ قارايدىلا؟ سىلىنىڭچە ئۇنىڭ دۈشمىنى كىمدۇ؟

— دېگەن بىلەن ئۆلگەن كەتتى، بۇ دۇنيانىڭ مۇشەققىتىدىن قۇتۇلدى، بالىلىرىغا ئۇۋال بولدى - دە، ئۇنىڭغا قەست قىلغاننى خۇدايىم پەست قىلار، ئۆزى ئوچۇق، لىۋەن چوكان ئىدى. شۇڭىمۇ زاھىر «كۆكەمە» دەرت ـ ئەلەمدە يۈزلىرىنى تاتىلاپ، تازا يىغلىغان ئوخشايدۇ، يۈزلىرىدە تىرناق ئىزى...

— يۈزلىرىنى تاتىلىۋاپتۇ دېدىلىمۇ؟— دېدى ئابلەي چۆچۈپ، ئۇ بايا بۇ ئالامەتنى تاھىرنىڭ يۈزلىرىدىن ئىزلىگەنىدى،— ئۆزى تاتىلىۋالغاندىمۇ، يا...؟

— ئۆزى تاتىلىۋالمىسا مۇشۇك تاتىلىۋالامتى ئەمسە، قىزىقكەنلا، ئادەم دېگەن دەرت كەلگەندە نېمە قىلمايدۇ دەيلا.

ئابلەي مۇماينى گومانغا كەلتۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن نىشاننى بۇرىدى:
— دېمەك، زاھىر بىچارە ئەلەمگە چىدىماپتۇ- دە؟ ئىككىسى تازا ئامراق ئەر ـ خوتۇنلار ئىكەندۇق- ھە؟
— ھەي، نېمىسىنى ئېيتىلا، «سەتنىڭ ھالى چوڭ، چىرايلىقنىڭ دەردى» دېگەندەك، دەردى بار ئىدى، ئۇ چوكاننىڭ . بۇلارنىڭ ئۆيىدە جېدەل قۇرىمايتتى. قاچاندا قارىسا تالىشىپلا يۈرگەن... ئەمدى شۇ «تىرىكلىكىدە ئەيلىمىدىڭ ياد، ئۆلگەندە ئاھۇ – پەرياد» دېگەندەك گەپ بولمامدۇ.
— نېمە تالىشىپ ئۇرىشاتتى؟ سىلىگە ئەھۋال ئېيتىدىغان بولغىدى؟
— نېمە تالىشاتتى، كۇندەشلىك بولمامدۇ! نېمىسىنى ئېيتىلا، ئۇ چوكانمۇ ئۆزى ئۆز بولغاچمىكىن، ئالالمىغان سادەك ئايلىنىپ يۈرىدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى.
— قارىسىغىلا كۈنلەپ ئۇرىشامتى، ياكى بىرەر گۇمانى بارمىدى؟
— ئىشقىلىپ، قارىسىغا ئەمەس،... بىرسىگە ئاغىنىسىدىن كۈنلەيتىغۇ، دەيمەن، ئىككىسى دەسلەپ جان- جىگەر ئاغىنە بولۇشتى، ھەي، مۇشۇنىڭ ئاخىرىسى ياخشى چىقمايدىغۇ، دەيتتىم، نېمىشقا دېگەندە پەھلى شەيتان، كۆڭۈل دېگەن ساراڭ نېمە، خوتۇن جىنى خىزىرنىمۇ ئازدۇرىدۇ دەپ، بىر بالاسى تاشىدىغۇ دەيتتىم...
— ئۇنىڭ قايسى ئاغىنىسىنى دەيلا؟
— تاھىر «شوخ» دېگەن بىر ئالىقاپ بار، جىمى سازنى چالىدۇ، چاقچاقنى بولىشىغا قىلىپ، ناخشا توۋلاپ ئاغزى بېسىقمايدىغان بىر نېمە، شىرىنىساغۇ تازا شۇنىڭ خىلىدى. نېمىسىنى ئېيتىلا، خۇدايىمنىڭ ئۆزىنىڭ ئويلىغىنى بار، بەندىنىڭ دېگىنىدەك بولسىغۇ، ئىككىسىنى قوشۇپ قويغۇدەك.
ئابلەي چېكىپ بېقىش مەقسىتىدە ئەتەي سورىدى:
— ئۇلارنىڭ قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىنى ھەممە خەلق بىلگەن يەردە دادۇي رەھبەرلىرى بىلمەمدۇ؟ بىلگەن بولسا دادۇيجاڭ ئەجەب ئۇلارغا تەربىيە بەرمەپتىكەن ـ ھە؟

— كىم؟ كىمگە تەربىيە بېرىدۇ، دېدىلە؟ دادۇيجاڭمۇ؟ هە، ئۇ كىشى... ئۇ كىشىمۇ شىرىنىنىساغا تەربىيە بەرگىلى كېلىپ يۈرەتتىغۇ دەيمەن...

ئابلەي بۇ جاۋاپتىن كۆزلىگەن ئۇنۇمگە ئېرىشتى.

— شىرىنىنىسانىڭ ئۆلۈكى تېپىلغانىنىڭ ئالدىنقى ئاخشىمى سىلى ئۆيدىمىدىلە؟

— هەئە، ئۆيدىدىم، تۇل خوتۇننىڭ بارىدىغان نەرى بار، دەيلا.

— شۇ ئاخشامدا زاهىر ئۆيدە بارمىدى؟

— بۇنىسى ماڭا قاراڭغۇ، خۇدا ئۆزى بىلەر، ئۆيدە بار بولغاي...

— شۇ كېچىسى بىرەر شەپە ئاڭلىغانمىدىلە؟

— شۇ كېچىسى دەمىلا؟ نېمىسىنى ئېيتىلا، قېرىغاندا شۇ، ئادەم جاهاننى سورۇپ، ئۆي ئۆيلاپ يېتىپ هېچنىمىگە زەڭ ئەتمەيدىكەن ئىشىك تۈۋىدە مىلتىق ئاتسىمۇ تۇيماي ياتىدىغان بولۇپ قالىدىكەن...

— زاهىرنىڭ ئېيتىشىچە ئۇ شۇنىڭ ئالدىنقى كۈنى شەگە كەتكەن ئىكەن، خەۋەرلىرى بارمۇ؟

— كەتسىمۇ كەتكەندۇ، ياش باللا...

— شۇ ئىككى كۈن ئىچىدىكى ئىشلارنى ئوبدانراق ئويلىنىپ كۆرسىلە مەن يەنە كېلىمەن، ئاۋارە قىلدىم،— ئابلەي ئورنىدىن تۇردى.

موماي ئۇنى چاي ئىچىپ كېتىشكە كۆپ زورلىغان بولسىمۇ، ئابلەي رەهمەت ئېيتىپ خوشلاشتى.

ئۇ دادۇيگە كەلگەندە ئۆمەر ئۇنى مۇشۇ سۆزلەر بىلەن قارشى ئالدى:

— ئەهۋال دەل مېنىڭ قىياسىمدىكىدەك ئىكەن، ئۇلارنىڭ غەيرى ئەخلاقى مۇناسىۋىتى بارلىقى بۇ يەردىكىلەرگە سىر ئەمەسكەن، دادۇيجاڭ ئۆز قولى بىلەن ئىسپات يېزىپ بەردى قانداقلا بولمىسۇن پارتىيىنىڭ كادىرى، ئۇنىڭ دېگىنى پولاتتەك پاكىت! ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇنىڭ تەركىۋىنىڭ پاك ئەمەسلىكى...

— شۇنداق، دادۇيجاڭ ئەلۋەتتە ئوبدان بىلىدۇ- دە!... ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى بارلىقىمۇ راست بولۇشى مۇمكىن.

— «مۇمكىن» دەيسەنغۇ؟ دادۇيجاڭنىڭ ئىسپاتى ساڭا يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟

— ياق،... مەنمۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا شۇنداقراق مۇناسىۋەتنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىپ قېلىۋاتىمەن....

— دېمەك، سەن ئاخىرى ئاتتىنمۇ، ئۆزەڭگىدىنمۇ چۈشۈپسەن - دە؟ ئەمدى تاھىرنى ئېلىپ قايتايلى، ئۇنى سوراق قىلغاندىن كېيىن قالغان ئىش ئايدىڭلىشىدۇ.

— قايتساق قايتايلى، بىراق، بىز تېخى بۇ يەرگە كۆپ كېلىمىز، ئالدىراپ خۇلاسە چىقارغىلى بولمايدۇ.

— قېنى كۆرەرمىز.

ئابلەيىنىڭ كۆڭلىدە باشقا بىر قاتىل ھەققىدىكى ئىسپاتلار تۇتۇق ھالدا كىنو – لىنتىسىدەك ئالدىن ئۆتۈۋاتاتتى. بۇلارنىڭ ئېنىقلىنىپ كېتىشىگە ئاللا نېمە كاشىلا بولىۋاتاتتى. قاتىلنىڭ سايىسى قاراڭغۇلاشقان كۆزگە كۆرۈنگەندەك جۈپ كۆرىنەتتى. شۇڭا ئۇنى جۈپتىدىن ئاجرىتىپ بىرگە مۇقىملاشتۇرۇش تەس بولىۋاتاتتى.

# بەشىنچى باب. ئاخىرلىشىش ۋە باشلىنىش

ساقچىلار «قاتىل» دەپ گۇمان قىلىنىۋاتقان تاھىرنى ئېلىپ يېزا يولىدا شەھەرگە قاراپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن دادۇيجاڭ قوشۇپ قويغان خەلق ئەسكەرلىرىدىن بىرى ئۆمەرنىڭ ئىككى چارەك بۇغدىيىنى بازارغىچە ئاپىرىشىپ بېرىش ئۈچۈن كۆتۈرۈپ ماڭغانىدى.

ئۆمەر بۇ ئىككى چارەك بۇغداي ھەققىدە نېمىشكىدۇر ئابلەيگە چۈشەنچە بېرىشنى لايىق تېپىپ:

— ئۆيدە ھەممىشە نۇرمىمىز يەتمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇناق ئۇنى كۆپرەك، دېگىنە، شۇڭا ئازراق بۇغداي سېتىۋېلىپ قوشۇمچە قىلايلى دەپ ئويلاپ كەلگەنىدىم، دادۇيجاڭ ئاغىنىمىز ئۆزى ئىككى چارەك سېتىپ بەردى، —دېدى .

بۇ گەپ، ئەسلىدە بۇ بۇغدايغا ھېچقانداق ئىنكاستا بولمىغان، ئەكسىچە بۇنى نورمال ئىش دەپ ئويلاپ ئۆزىمۇ ئازراق سېتىۋېلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىپ باقمىغىنىغا ئۆكۈنۈپ، ئۆمەرنىڭ تۇرمۇشقا پىشقان ئادەملىكىگە قول قويۇپ كېلىۋاتقان ئابلەيگە ئەكس تەسىر بېرىپ، ئۇنىڭدا گۇمان ئۇچقۇنلىرىنى پەيدا قىلدى ھەم ئىلگىرىكى گۇڭگا كۆرۈنىۋاتقان جۇپ كۆلەڭگۈنىڭ بىرى روشەنلەشكەندەك بولدى.

تاھىر ئەتىسلا سوراق قىلىندى.

ئۆمەر خۇددى ئىدار باشلىقىدەك كىبىر بىلەن سۇر كۆرسىتىپ سوراقنى باشلىدى، سوراق خاتىرىسىنى ئابلەي يازدى.

— ئىقرار قىلغانلارغا كەڭچىلىك قىلىش، جاھىللىق قىلغانلارغا قاتتىق بولۇش» مانا بۇ بىزنىڭ پىرىنسىپىمىز، ئۇقتۇڭمۇ؟

تاھىر قورقۇنۇچتىن جالاقلاپ تىترىگەن ھالدا بېشىنى لىڭشىتتى.

— ئۇنداق بولسا راستلىق بىلەن جاۋاپ بەر، بىز سىنىڭ ئىقرارىڭغا مۇھتاج ئەمەس، ھەممىنى ئېنىقلاپ بولدۇق، پەقەت سىنىڭ پوزىتسىيەڭنى كۆرۈپ باقماقچى، ئەگەر ئىقرار قىلمايدىغان بولساڭ پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنىڭ پولات مۇشتىنى تېتىتىپ قويىمىز. ئۇ چاغدا بىزدىن كۆرمىسەڭ بولىدۇ،— ئۆمەر ئالدىدىكى چايدىن بىر ئوتلىۋېلىپ داۋام قىلدى،— خوش، ئەمسە ياخشى ئويلىنىۋېلىپ جاۋاب بەر. شىرىنىسا بىلەن نېمە مۇناسىۋىتىڭ باردى؟

تاھىر بېشىنى چايقىدى. ئۇ تېخىچە سۆزلىيەلمەيتتى. تىلىنىڭ ئاغرىقىمۇ توختىمىغانىدى. ئۆمەر قەھرى بىلەن شىرەنى مۇشتلاپ ھەيۋە قىلدى. تىترەشتىن ئىستاكاندىكى چاي داۋالغۇپ شىرە ئۈستىگە چېچىلىپ كەتتى. ئابلەي ئۇنىڭغا نارازىلىق بىلەن قاراپ قويدى.

— ئېيتە! راستىڭنى ئېيت!

— ...، — تاھىر تىت- تىت بولغانىدەك تەشۋىشلىك چىراي بىلەن ئابلەيگە قاراپ، باش چايقىدى. ئابلەي ئۇنىڭ سۆزلىيەلمەيدىغانلىقىغا چۈشىنىپ، ئۇنى باشقا بىر شىرە قېشىغا يۆتكىدى ۋە قەغەز قەلەم بەردى، شۇندىلا تاھىر تۆۋەندىكىلەرنى يازدى،— بىز ئۇنىڭ ئېرى بىلەن دوستلاردىن، كىرىپ- چىقىش قىلىپ قالاتتۇق، شۇڭا خەق گەپ تاپتى...

— ئەگەر ئىقرار قىلمايدىغان بولساڭ، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنى ئۇنتۇپ قالما!، — ئۆمەر ئەتەي بىر نەرسە ئاختۇرغانىدەك قىلىپ، شىرەنىڭ تارتمىسىنى ئاچتى ۋە كويزىنى ئېلىپ شىرەگە تاشلىدى.

قاتتىق قورقۇپ كەتكەن تاھىر توختىماي باش لىڭشىتىپ تۆۋەندىكىلەرنى يازدى:

«بىز شىرىنىسا بىلەن بۇرۇندىن كۆيۈشۈپ يۈرگەن، بىراق ئۇنى ئەمرىمگە ئېلىش نىسىپ بولمىدى، مەن يومچىكنىڭ نەۋرىسى بولغىنىم ئۈچۈن، قىزنىڭ ئاتا- ئانىسى رازى بولمىدى، دادۇيدىنمۇ خەت يېزىپ بەرمىدى، بۇنىڭغا ھەرئىككىمىز ئېچىندۇق، كۆڭلىمىز بولغاچقا كېيىنمۇ مۇناسىۋىتىمىزنى بۈزمىدۇق، كۆپ قېتىم بىر يەردە بولدۇق، پۇرسەت تاپساقلا

ئۈچرىشىپ تۇردۇق، زاھىرنىڭ سەل گۇمانى بار ئىدى، بىراق، ئۇ مەندىنلا گۇمانلانمايتتى، ئۇ بۇ ئىشنى كوچىلىسا جىق ئادەملەرگە دەز كېتىشىدىن، كېيىن ھېچقانداق ئاساس تاپالماي، تۆھمەتچى دەپ بالاغا قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئىچىدە ھەسرەتلىنىپ يۈردى، يۈرتتا بىزنىڭ ئىشلىرىمىز ھەققىدە بولغان گەپ چۆچەكلەرنىڭ جىقى راست».

— زاھىر يەنە كىمدىن گۇمانلىناتتى؟

«بىلمەيمەن، ئىشقىلىپ بۇ شىرىنىنىسا ئىككىمىزنىڭ پەرىزى» ئابلەي كۈلۈمسىرەپ قويىدى، ئۇنىڭ ئۇچۇن ئۆمەر سورىغان سوئالنى سوراشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى.

— سەن شۇنداق ئامراق ئاشناڭنى قانداق ئەھۋالدا ئۆلتۈرۈۋەتتىڭ؟ ئۇچرىشىشنىڭ جەريانىنى سۆزلە!

بۇ گەپنى ئاڭلاپ تاھىر چۆچۈپ كەتتى، ئۇ كۆرىنەرلىك ئازاپلاندى، ئابلەي ئۇنىڭ چىراي ئىپادىسىنى دىققەت بىلەن كۈزىتىپ تۇردى، تاھىر ئۆزىنى «قاتىل» دېيىشىۋاتقىنى ئاڭلىغان، شىرىنىنىسا ھەققىدە سورىغىنىغا قاراپ ھەرخىل خىياللارغا كېلىپ باققان بولسىمۇ شىرىنىنىسانىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ شۇ قاتىل ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئۇقمىغاندەك ئىپادىلەردە بولدى.

«ئاخىرقى قېتىم ئۇچراشقىنىمىزنى سۆزلىسەم سۆزلەي، ئەمما ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە مېنىڭ قانداق قۇلۇم باردۇ؟ ئاخىرقى قېتىمدا مۇنداق بولدى، بىر كۈنى زاھىر شەگە (شەھەرگە) كىرىپ ئويناپ چىقماقچى بوپتىكەن، مېنى بىللە كىرىپ ئويناپ چىقايلى دېدى. مەن ئۇنىمىدىم، ئىشىمغۇ يوق ئىدى، شىرىنىنىسا بىلەن خاس قالىدىغان پۇرسەتنى قولدىن بەرگىم كەلمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزى ئېشەك بىلەن شەگە كەتتى، مەن ئۇنىڭ راست كەتكەن - كەتمىگەنلىكىنى ئېنىق كۆرۈۋېلىش ئۇچۇن پايلاپ يۈردۇم، ئۇنىڭ سازلىق تەرەپ بىلەن ئارىلاپ يۈرۈپ كەتكىنىنى ئېنىق كۆردۇم (بۇ يول شەگە يېقىنراق ئىدى) ئاندىن خاتىرجەم بولدۇم، كەچتە مەن ئۇنىڭ ئۆيىگە باردىم، شىرىنىنىسا مېنى كۆرۈپلا خاپا بولۇپ قالدى، نېمىشكە كەلدىلە؟ ئەمدى

كەلمىسىلە بولاتتى، تەقدىرگە تەن بەرمەي نېمە ئىلاج..» دېدى . مەن ئۇنى مەندىن رەنجىپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشقا ئۇرۇندۇم، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ياش يۇقى، بالدۇرقىدەك ئامراقلىق قىلماي، قولاشمىغاندەك تۇرۇۋەردى... مەن ئاخىرى ئۇنى ئىرىتتىم، ئۇ بوينۇمغا ئېسىلدى. بىراق بىر قورقۇنچىسى باردەك جاالاقلاپ تىترەپ تۇراتتى... «كىرىۋاتقۇچە بىر كىم كۆرمىگەندۇ؟»، ياق، كىم كۆرەتتى، خاتىرجەم بول، «ۋاي، خۇدا! زاھىر كىرىپ قالىدىغان بولسا...!» دېدى ئۇ ئاھ تارتىپ، «ئۇنىڭ شەگە كەتكىنىنى ئېنىق كۆرگەن تۇرسام، ئۇ سازلىقتىن ئۆتتۈپ كەتكۈچە قاراپ تۇرغان تۇرسام...» دېدىم ئۇنى خاتىرجەم قىلىپ ‹شۇنداق بولسىغۇ، ئىلاھىم! ۋايەي، ئېيتىشقا تىلىم كۆيىدۇ، ئېيتسام دىلىم!› مەن ئۇ چاغدا ئۇنىڭ گەپلىرىگە ئانچە زەڭ ئەتمەي، ئاسماقچىلاپ سورىمىدىم. ئۇ مېنىڭ تەلىۋىمنى رەد قىلدى. پەقەت تىلىمنى قاتتىق شوراشقا باشلىدى. شورىدى، شورىدى، مەن ئۆزەمچە كۆڭلۈمنىڭ مەيلىگە بېرىلىپ گەپ قىلماپتىمەن، بىر كەمدە ئۇ تىلىمنى قاتتىق چىشلىدى. بېشىم پىرىدا قېيىپ، ئاغرىق جان- جېنىمدىن ئۆتتۈپ كەتتى. يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قالدىم، ئاغزىم قانغا تولدى، ئاغزىمدىن قان چىقىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئاغزىمنى مەھكەم تۇتقىنىچە تالاغا قاراپ چاپتىم. مەن چىقىپ كەتكەندە ئۇمۇ قاتتىق ۋارقىردى. پەمىمچە قورقۇپ كېتىپ يىقىلدى بولغاي...»

بۇلارنى كۆرگەن ئۇمەرنىڭ گۆلقەلەلىرى ئېچىلىپ كەتتى. ئۇ ئابلەيگە ئەتەي ئۇلارنىڭ تىل شوراشقىنىنى ئەسكەرتىپ، شۇ قۇرلارنى قەلەمنىڭ ئۇچى بىلەن كۆرسەتتى.

— دەل مېنىڭ دېگىنىمدەك بولغان!

ئابلەي يەنىلا قوشۇلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ بېشىنى چايقىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى «قوش كۆلەڭگۈنىڭ ئىككىنچى بىرى روشەنلەشكەندەك بولدى. بۇ بولسا ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ھالقىلارنى بىر- بىرىگە يېقىن كەلتۈرۈشنى تېخىمۇ تەسلەشتۈرۈپ قويدى. ئەمما ئۇ دەرھال بىر مۇھىم نەرسىنى ھېس قىلىپ، يانچۇق دەپتىرىنى ئېلىپ تۆۋەندىكىلەرنى يېزىپ

قويدى:

« زاھىرنىڭ سازلىق تەرەپكە كەتكىنىنى كۆرگەنلەر يەنە بارمۇ- يوق؟ قايتىپ كېلىۋاتقىنىچۇ؟ ئۇ ئېشىكىنى قەيەردە قويغان؟ ئۇنىڭ قوشنىسى زەينەپخان بىلەن يەنە كۆرۈشۈش كېرەك».

— سەن شۇ چاغدا جان ئاچچىقىڭدا چىدىماي ئۇنىڭ گېلىنى بوغدۇڭ، شۇنداقمۇ؟

تاھىر بېشىنى چايقىدى.

— راست گەپ قىل! راست گەپ قىلساڭلا قۇتۇلىسەن!.

تاھىر يەنە بېشىنى چايقىدى.

ئۆمەر غەزەپتىن چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى ۋە تىترەپ تۇرغان ئەيىبكارغا مىختەك قادىلىپ تۇرۇپ:

— ئەمسە، ياخشى بولىدۇ! پۇرولېتارىيات دىكتارتۇرسىنى تېتىپ باق!

ئۇ ئىككى نەپەر ساقچى چاقىرىپ، تاھىرنىڭ قولىغا كويزا سېلىپ، سولاپ قويۇشنى ئەگەر يەنە يوۋاش بولمىسا، دىكتاتۇرا ئىشلىتىشنى بۇيرىدى.

ئۇلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئابلەي:

— زورلاپ ئىقرار قىلدۇرۇش ياخشى چارە ئەمەس، بۇنداق ئىقرار ئىشەنچلىك بولۇشى ناتايىن،— دېدى.

— نېمە؟ بۇزۇقلارغا يۇمشاق قوللۇق قىلساق بولامتى؟ بۇ دېگەن دىكتاتۇرا ئورنى! بىزنىڭ دىكتاتۇرىمىز سىنىپى دۈشمەنلەرگە، بۇزۇقلارغا قارىتىلىدۇ،— دېدى ئۆمەر مەنستىمەسلىك بىلەن.

ئابلەي ئۆمەر بىلەن مۇنازىرە قىلىپ ئولتۇرۇشنى مۇناسىپ دەپ قارىمىدى. ئۇ ئاۋال سۈرەت لېنتىلىرنى يۇيۇپ چىقىرىپ، بارماق ئىزلىرنى سېلىشتۇرۇپ چىقماقچى بولدى. بۇ ئېنىقلانسا، تۈگۈننى يېشىشكە ياردىمى بولاتتى. ئۇ ئۆمەرنى يالغۇز قالدۇرۇپ چىقىپ كەتتى.

*****

مەتتۇردى ئابلەيگە ياردەملىشىپ سۇرەتلەرنى يۇيۇپ، بارماق ئىزلىرىنى سىپلىشتۇرۇپ، تەھلىل قىلىشىپ بەردى. ئۇلار تىل ئۇچىدىكى بارماق ئىزى بىلەن تاھىرنىڭ بارماق ئىزىنى سىپلىشتۇرۇپ، «ئوخشاش ئەمەس» دېگەن يەكۈننى چىقاردى. چاچلارمۇ ئوخشاش ئەمەس بولۇپ چىقتى. تېرە قاسىرىقىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئۇۋاندىلارنى «تېرە قاسىرىقى» دەپ بېكىتتى. ئەمما ئۇنىڭدىن قان تېپىنى تەھلىل قىلىپ چىقىش خېلى نازۇك تېخنىكا بولغاچقا ئۇلاردىكى تېخنىكا بۇلۇمى بۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايتتى.

يازما ئاساس بولمىسا كېيىن بەزى ئىشلاردا رەت قىلىشقا ئۇچرايدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئابلەي يۇقارقى يەكۈنلەر ھەققىدە تېخنىكا بۆلۈمىنىڭ يازما ئاساس بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئاندىن ئۆمەرنى نېمە قىلىۋاتىدىكىن دەپ ئۇنىڭ قېشىغا كىرگەندە ئۆمەر ئۇنى خوشال ھالدا كۈتىۋالدى:

— سەن ئۆزەڭنىڭ گېپىنى يورغىلىتىسەن، مانا قارا، بىز ئاخىرى ئۇنى ئىقرار قىلدۇردۇق، ئەمدى دىلونى ئاخىرلاشتۇرۇپ خۇلاسە يېزىش ئىشىلا قالدى،— دېدى.

ئىقرارنامىدا تۆۋەندىكىلەر يېزىلغانىدى:

«مەن تىلىم چىشلەنگەندىن كېيىن شېرىننىسانىڭ ۋارقىراپلا يىقىلىپ چۈشكەنلىكىنى كۆردۈم، ئۇ قورقۇپ كېتىپ ھۇشىدىن كەتتىمۇ، يا مەن جان ئاچچىقىمدا ئۆزەممۇ بىلمەي بوغۇپ قويدۇممۇ بىلمەيمەن...»

— قانداق؟

— بىراق، ئۇ قانداق بولۇپ كوچا دوقمۇشىغا بېرىپ قالدى؟

— .... بۇنىڭدا ئىككى خىل ئېھتىمال بار، بىرى تاھىر كېيىن قايتىپ كىرگەن ھەم ئايالغا قارىسا ئۆلۈپ قالغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى كوچىغا ئېلىپ چىقىپ تاشلىغان، يەنە بىرى ئايال تېخى ئۆلمىگەن، ئۇ ئۆزى ئورنىدىن تۇرۇپ ئاللىقانداق مەخسەت بىلەن كوچىغا چىققان، شۇنىڭ بىلەن ئاشۇ جايغا كەلگەندە بەرداشلىق بېرەلمەي يىقىلىپ چۈشۈپ جان بەرگەن.

— ھەر «ئىككى ئېھتىمال» پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ!

— بىراق، بۆلۈم باشلىقلىرى خۇلاسە چىقىرىشقا قوشۇلدى. دىلونى ئېنىقلاشنى ئاخىرلاشتۇرۇشقا بولىدۇ.

— مېنىڭچە بۇ دىلونى ئېنىقلاش ئىشى ئەمدىلا باشلاندى، سەن ئۆز قاراشلىرىڭدىن يانمىساڭ مەيلى، مەن بۇنى يېڭىباشتىن ئېنىقلاش كېرەك دەپ قارايمەن.

— ئۇ ئۆزەڭنىڭ ئىشى، بىراق سەن ئۆزەڭنىڭ گۇمانلىرىنى قويۇپ باق.

ئابلەي بارماق ئىزلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقى، چاچ تۇرىنىڭ ئوخشىماسلىقى قاتارلىق ماددى پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. باشقا گۇمان ۋە ئېنىقلاش زۆرۈر بولغان نوقتىلار ھەققىدە ئېغىز ئاچمىدى.

— ئەيىپكار ئىقرار قىلغان تۇرۇقلۇق يەنە نېمىنى كوچىلاش كېرەك؟

— ئەمما، مەن كوچىلايمەن، نەق مەيدانغا يەنە بارىمەن.

— يول بولسۇن، سەن قايتىپ كەلگۈچە بىز تاھىرنىڭ دىلوسىنى ئىشلەپ يوقۇرىغا سۇنۇپ بولىمىز، سېنىڭ ئاجايىپ تەسەۋۋۇرلىرىڭ، ئەقلى خۇلاسىلىرىڭ ئىسپاتلىنىپ بولغىچە بەلكىم ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىنىپمۇ بولار.

ئابلەي جىددىيلەشكەن ھالدا چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ خىيالىدىن «جىددى تۇتۇش قىلمىسام بىر ئادەمنىڭ ناھەق جازالىنىشنى توسۇپ قالمايمەن، دەرھال يېزىغا مېڭىشىم كېرەك!» دېگەنلەر كەچتى.

# ئالتىنچى باب. گۇمان كۆلەڭگۇسى

ئابلەي ئەتىسىلا تالتىپرەككە يۈرۈپ كەتتى، ئۇنىڭ كۆڭلىدە گاھ پەيدا بولۇپ، گاھ يوقۇلۇپ تۇرىۋاتقان گۇمان كۆلەڭگۇسى ئۇنىڭغا ئاراملىق بەرمەيتى. ئۇ بەزىدە «دەل شۇ! شۇنىڭ ئۆزى!» دەپ ۋارقىراپ سالاتتى. بەزىدە يەنە ئىككىلىنىپ: «پاكىت كېرەك، پاكىت! مەن باشقىلاردەك ھېسسىيات بويىچە ھۆكۈم چىقارماسلىقىم كېرەك، مەن ئۇنداق چالا ساۋاتلارغا ئوخشىمايمەن!...» دەيتتى.

ئۇ سېكتارغا يولۇققۇشىنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق دەپ ھېسابلىدى. دادۇيجاڭنى كېيىنرەك ئىزدىمەكچى بولدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ زۆرۈر ئۈچ ئىش بار ئىدى. بىرى زاھىر بىلەن كۆرۈشۈش ۋە ئۇنىڭ بارماق ئىزىنى ئېلىۋېلىش، يەنە بىرى ئۇنىڭ قوشنىسى زەينەپخان بىلەن كۆرۈشۈپ قاتىللىق يۈز بېرىشنىڭ ئالدىدىكى ئاخشامدا ئۇ قانداق سادالارنى ئاڭلىدى. دېگەنلەرنى سۈرۈشتۈرۈش. ئاندىن سازلىقنى بويلاپ مېڭىپ كۆڭلىدە پەيدا بولغان يېڭى تۈگۈننى يەشمەكچى ئىدى. بۇلارنى تۈگەتكەندىن كېيىن دادۇيجاڭغا يولۇقسىمۇ كېچىكمەيتتى.

ئۇ ئالدى بىلەن مۇماينى يوقلىدى. ئۇ زەينەپخانغا شەھەردىن بىر كىلو گۆش ئېلىۋالغانىدى، ئۇلار تېچلىق سورۇشۇپ بولغاندىن كېيىن ئابلەي ئۇنىڭغا:

— ھامماچا، بۇنى قازانغا سېلىپ قويسىلا، پىشقىچە بىردەم پاراڭلىشىمىز،— دېدى.

موماي ئوچاق بېشىدا ئاۋارە بولىۋاتقان پۇرسەتتە، ئۇ ھويلىدا بىرەم ئايلىنىپ يۈردى، باغقا كىردى. ئاندىن ئۆگزىگە چىقىپ زاھىرنىڭ ھويلىسىغا قاراپ باقتى. ھويلا تىرىك جان باردەك ئەمەس، جىم- جىت تۇراتتى. ئابلەي

ھويلىنىڭ جىم- جىتلىقىغا ئېرەن قىلماي، دەرۋازىنىڭ جايلاشقان ئورنى، تونۇر، ئۆينىڭ ئىشىكى، باغنىڭ، ئېغىلنىڭ جايلاشقان ئورنى ۋە ئارىلىقلىرىنى پۇختىلاپ ئېسىگە ئېلىۋالدى. ھويلا دەرۋازىسى زەينەپخاننىڭ ئۆيى بىلەن بىر تام ئارقىلىقلا ئايرىلىپ تۇراتتى. دېمەك، كېچىسى دەرۋازىنىڭ ئېچىلىپ- يېپىلغان ئاۋازلىرى مومايغا ئاڭلىنىپ تۇرىشى جەزمەن ئىدى.

ئۇ ئۆگزىدىن قايتىپ چۈشكەندە موماي تۆشۈكتىن بىكار بولغانىدى.

- زېرىكىپ قالدىڭىزمۇ، بالام؟— دېدى موماي، ئوچاقتا قاتتىق ئوتتۇندىن بىر نەچچە تالنى سېلىپ قويغاندىن كېيىن سۇپىغا ئابلەينىڭ قارشىسىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ.

— ياق، نېمىشكە زېرىكەتتىم، ئەمدى پاراڭلاشساقمۇ بولىدىغۇ،— دېدى ئابلەي مومايغا يېقىش ئۈچۈن تىرىشىپ.

— شۇنداق بولسىمۇ، دەيمىنا... سەھرا يېرىدە، شۇ.

— سىلىدىن يەنە شىرىننىسانىڭ ئۆلۈمى توغرۇلۇق بىر نېمە سورىماقچىدىم، مالال كۆرمىسىلە شۇ توغرۇلۇق پاراڭلاشساق بولارمۇ؟

— سورىسىلا، بىلسەملا ئېگەكىم، دەپ بېرىمەن.

— شۇ كۈنى ئاخشىمى تاھىرنىڭ بۇ ئۆيگە كەلگەنلىكى راست ئىكەن، ئۇ ئۆزىمۇ بۇنىڭغا ئىقرار قىلدى. سىلى ئۇنىڭ كىرىپ كەتكىنىنى، ئازراق شەپىسىنى بولسىمۇ سەزگەنلا؟

— مەن ئۇ چاغدا ئۆچكەمگە يۇندىغا كېپەك سېلىپ، ئاداپ قىلىپ بېرىۋاتاتتىم، دەرۋازىنىڭ ئېچىلىپ- يېپىلغىنىنى ئاڭلىدىم، ئەمما- زە، ئۇ چاغدا ئۇنىڭغا زەڭ ئەتمەپتىمەن، تايىنلىق زاھىر بىر ياقتىن كەلگەندۇر دەپلا ئويلىدىم - دە...

— شۇ چاغدا شىرىننىسانىڭ ئۆيىدىلىكىگە جەزىم قىلالامىلا؟ دېمەكچى بولغىنىم، دەرۋازىنى ئاچقىنى راست تاھىرمۇ ياكى بىرسىنىڭ ئۆيىگە چىقىپ كىرگەن شىرىننىسانىڭ ئۆزىمۇ؟ بۇنى ئايرىلاشتۇرۋەتمىگەندۇق؟

— ياق، شىرىننىسا ئەمەس، مەن شۇنىڭ ئالدىدا ئۆگزىدىن كۆتىچەك

تاشلىغىلى چىققانىدىم، شۇ چاغدا شىرىنىنىسا ئۆيدىدى، ئۇنىڭ ئۇلاغ جايلاۋاتقىنىنى كۆرگەنىدىم. كېيىن دەرۋازا ئېچىلىشىنىڭ ئالدىدا مەن ئۇنىڭ بالىلىرىغا ۋارقىرىغىنى ئاڭلىغانىدىم. زاھىر شەگە كىرىپ كەتكەن بولسا، دەرۋزىنى ئاچقان تاھىر بولماي كىم بولاتتى؟ هە، راست، بىر بولسا ...

— دەۋەرسىلە.

— مۇنداقلا بىر ئىش يادىمغا كەلگەنىدى، ھېچگەپ يوق...

— بىر بولسا دادۇيجاڭ دېمەكچىغۇ سىلى؟— دېدى ئابلەي پەس ئاۋازدا.

— ياق، ياق، ئاغزىمغا تاش- تۇپراق! ھەرگىز ئۇنداق دېمىسىلە،— مۇماي جىددىيلىشىپ كەتتى.

ئابلەي ئۇنى چۈشەنگەچكە بۇ ھەقتە كوچىلىمىدى ھەم بۇنى كوچىلىغان بىلەنمۇ زەينەپخان ھېچنەرسە ئېيتىپ بەرمەيتتى.

— شۇ كۈنلەردە شىرىنىنىسانىڭ كەيپىياتىدا ئۆزگىرىش بولغانمۇ- يوق؟ زەڭ قويغانمىدىلە؟

— ئالدىنقى كۈندىن تارتىپلا خاپىغان كۆرۈنگەن، ياق خېلى بۇرۇن بىر نەچچە كۈن ئاۋاللا شۇنداق خاپىغان بولۇپ قالغان. ئۇنىڭ ئالدىدا ھەمىشە غىڭشىپ ناخشا ئوقۇپلا يۈرىدىغان، ۋالاقلاپ كۈلۈپلا تۇرىدىغان بولغاچمىكىن، ئۆزگىرىپ قالغىنى بەكلا بىلىنىپ كەتتى، شۇڭا ھازىرقىدەكلا ئېسىمدە قاپتۇ. مەن ئۇنى زاھىر بىلەن ئۇرۇشقان بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ قالدىم. ئۇلار پات- پاتلا ئۇرۇشۇپ تۇراتتى، شىرىنىنىسا بىرە كۈن شۇكلەپ قالاتتى، ئاندىن يەنە ئوخشاش قېلىپىغا چۈشەتتى، ئەمما شۇ قېتىم ئۇنداق بولماي، قاپىقى ئېچىلمايلا قالغانىدى.

— ئۇ سىلىگە ئۆيدىكى كۆڭۈلسىزلىكلىرى توغرۇلۇق كۆڭلىدىكىنى ئېيتامتى؟

— ئۇ ماڭا جىق گەپ قىلىپ كەتمەيتتى....

— ئۇنىڭ سىرىنى ئېيتىدىغان باشقا سىرداشلىرى بولسا كېرەك؟

— بولسا كېرەك... خۇدا بىلىدۇ.

— دەرۋازا ئېچىلغان ئاۋاز ئاڭلىنىپلا شۇ پېتى يۈتتىمۇ ياكى باشقا بىرە

شەپىنىمۇ ئاڭلىدىڭىزمۇ؟

— بايا سىلى ئۆيگە چىرىپ ئولتۇرغانچىلىك پۇرسەتتە، چېغىمدا شۇنچىلىك ۋاقىت ئۆتتىمىكىن، بىرسىنىڭ ۋارقىرىغىنىنى ئالىغاندەك بولدۇم. ئىشقىلىپ بىرسىنىڭ ۋارقىرىغىنى راست، ماڭغۇ كېچىلىرى ھەرقىسما ئاۋاز ئاڭلانغاندەك بولىدۇ، خۇدا كۆرسەتمىسۇن، يالغۇزلۇقنى!

— ئاندىنچۇ؟

— ئارقىدىنلا ئۆينىڭ ئىشكى تاراقلاپ ئېچىلدى، بىرسىنىڭ ھويلىدا يۈگرىگەندەك شەپىسى ئاڭلاندى. دەرۋازا جالاقلاپ ئېچىلدى، بىرسى تېپىك يىگەن كۈچۈكتەك غىڭشىپ، مېڭىپ كەتكەندەك بولدى، بىز ئىلگىرى پات - پات بۇلارنىڭ جىدىلىنى ئايرىيدىغان، ئۇلار كېچىلىرى ھەمىشە قاتتىق ئۇرۇشاتتى. قوشنىلاردىن بىر نەچچىمىز چىرىپ شىرىنىسانى ياندۇرۇپ ئاچىقاتتۇق. بولمىسا ھېلىقى تەلۋە ئۇنى ھەنىمە قىلىسا قىلىۋېتەتتى. شۇ ئىشلار يادىمغا يىتىپ ئاستا كوچىغا چىقىپ باقتىم. (ئۇنداق چاغدا مەن تېخى ياتمايتتىم، قېرىغاندا ئۇيقۇ كەم بولىدىكەن، تاڭنى ئاتقۇزماق تەس، شۇڭا بەك كەچ ياتىمەن). كوچىدا ئادەم يوق. قوشنامنىڭ دەرۋازىسى داغداما ئوچۇق تۇرىدۇ. ئاستا بېرىپ دەرۋازىدىن بېشىمنى تىقتىم، قارىسام ھويلا جىم – جىت، بىر- بىرىنى قوغلىشىپ سىرتقا چىقىپ كەتكەن بولسا ئۆيگە يامانىنىڭ كۆزى چۈشمىسۇن دەپ، دەرۋازىنى يېپىپ قويۇپ قايتىپ چىدىم.

— ۋارقىرىغىنى ئەركىشى ئەمەستۇر؟ ھەقىچان شىرىنىنىساغۇ دەيمەن؟

— ياق، ئەر كىشىنىڭ ئاۋازىدەك قىلدى. قالغىنىنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ.

— شىرىنىنىسانىڭ ۋارقىرىغىنى ئاڭلانمىدىمۇ؟ ئۇ ئەمەس، ئەر كىشى ئىكەنلىكىگە رەسمىي ئىشەنچ قىلالامىلا؟

— بۇنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچى ئاللاھ.. ياق راست مەن شۇ كېچىسى تۇزۇك ئۇخلىيالمىدىم، كېچىككىنە شەپە بولسىلا كۆزۈم ئېچىلىپ كېتىدىغان، نېمىشقا دېگەندە، ئەر كىشىنىڭ ۋارقىرىغىنىنى ئاڭلىغاچقا زاھىر بىلەن تاھىر ئىككىسى تۇتۇشۇپ قالغانمىدۇ دېگەنلەرنى ئويلاپ، زىل ياتتىم.

— ئۇنداق بولسا يەنە بىر شەپە ئاڭلانغانمۇ؟
— ئىشقىلىپ، ئاڭلىدىم دېسەممۇ بولىدۇ، بايا دېگىنىمدەك، ماڭا ھەممىشە بىر نەرسىلەرنىڭ ئاۋازى ئاڭلىغاندەك بولىدۇ، چۈشۈممۇ تولا بۇزۇلىدۇ...
— مەيلى، قۇلاقلىرىغا كىرگەن ئاۋاز نېمە بولسا شۇنى دەپ باقسىلا
— مەن ئۇلارنىڭ دەرۋازىسىنى يېپىپ قويۇپ كىرىشىمگىلا ئۆينىڭ ئىشىكى تاراقلىغان ئاۋازنى ئاڭلىدىم، ئارقىدىن يەنە جىمىپ كەتتى. بىرەر كۆڭۈلسىزلىك بولۇپ قېلىپ، كېيىن خەلقى- ئالەم «قوشنا تۇرۇپ، ھاي بېرىپ قويماي ئۇخلاپسىلەر» دېمىسۇن دەپ، يەنە تالاغا چىقىپ دەرۋازىغا قاراپ باقتىم. دەرۋازا ئىچىدىن زەنجىرلاپ قويۇلۇپتۇ...
— توختىسىلا، بايا سىلى ئۇنى يېپىپ قويغان دېگەنمىدىلە؟ شۇنداققۇ؟ شۇنىڭدىن كېيىن ئېچىلغان ئاۋاز ئاڭلانمىدىمۇ؟
— ياق، يا مەن ئاڭلىماي قالدىممىكىن، ئەمما بۇلارنىڭ دەرۋازىسى ئاڭلىمىغۇدەك ئېچىلمايدۇ، شۇنداق سەت غىچىرلايدۇ.
— خوش ئاخىرىنى سۆزلىسىلە.
— ئۆگزەمگە چىقىپ قاراپ باقتىم، ئىشىك ھەم يېپىقلىق، تاۋادانىنىڭ[1] ئەينىكىدىن ئۆيدە چىراق يېنىقلىق تۇرغىنىنى كۆردۈم، ئەمما جىم- جىت «خۇداغا شۈكرى، تىنچىپ قالغان بولسا ئەجەب ئەمەس» دەپ ئويلاپ، قايتىپ چۈشەي دەپ تۇراتتىم. ئۆينىڭ ئىچىدە گۈلدۇر- غالاپ بولغاندەك زايا بولدى. تاۋادانىنىڭ ئەينىكىدىن چۈشۈپ تۇرغان يورۇق بىرسىنىڭ گەۋدىسى بىلەن توسۇلۇپ، چاپسان- چاپسان مىدىرلىدى ۋە جىم بولدى. مەن يەنە بىردەم تۇرۇپ قالدىم. بىر ھازا تۇرۇپ باقسام يەنە جىملىق، چۈشۈپ كېتەي دەپ تۇراتتىم، ئۆينىڭ ئىشىكى ئېچىلدى، ئىشىكتىن زاھىر چىقىپ كەلدى ئۇ ئالدىراپ كېلىپ دەرۋازىنىڭ زەنجىرىنى تۈتۈپ بېقىپ، كەينىگە ياندى، ئېھتىمال ئۇ دەرۋازا تاقالماي قالدىمىكىن دەپ قاراپ باققىلى چىقسا كېرەك. ئۇ كەينىگە قايتتى، لېكىن ئۆيگە كىرىپ كەتمەي، پېشايۋاننىڭ سۇپىسىدا تاماكا

[1] تاۋادان — ئىشىكنىڭ ئۇستىدىكى كۆزنەك — ئاپتور

چىكىپ ئۇلتۇردى.
— راستتىلا زاھىر ئۆيدىمىكەن؟ سىلىنىڭ كۆرگەنلىرى تاھىر ئەمەسلىكىگە ئىشىنەملا؟
— شۇ، شۇنىڭ ئۆزى، نېمىشكە ئىشەنمەيتتىم.
— سۆزلەۋەرسىلە.
— شۇنىڭ بىلەن ئۆگزىدىن قايتىپ چۈشۈپ، ئۇخلاشقا ياتتىم، ئولتۇرسام زاھىر ئورنىدىن ھېلى تۇرىدىغاندەك ئەمەس.
— ھويلىدا ياتتىلىمۇ؟
— ھە، مەن قىشنىڭ بېشىغىچە ھويلىدا ياتىمەن، ئۆيدە ئىچىم تىتىلدايدۇ، گۆرگە كىرىپ قالغاندەك بولۇپ قالىمەن، ئۇنىڭدىن كۆك ئاسمانغا قاراپ يېتىپ، مېنىڭ يۇلتۇزۇم قايسىدۇ دېگەندەك خىياللار بىلەن ياتسام ئوبدانراق.
— چاپسانلا ئۇخلاپ قالدىلىمۇ؟
— نەدىكىنى، قوشنام توغرۇلۇق كۆڭلۈمگە يەتمىگەن ئىشلار يېتىپ، كۆز يۇمىمۇدۇم، يەنە كۆزۈم ئىلىنسە بىر شەپە ئاڭلانغاندەك بولۇپ، ئويغىنىپ كېتىمەن، ئاشۇنداقلا تاڭ ئاتقۇزىۋەتتىم.
ـ شۇنىڭدىن كېيىن بۆلارنىڭ دەرۋازىسى يەنە ئېچىلىدىغۇ دەيمەن؟ يېرىم كېچىلەر بىلەن...
— ھەئە، سىلىگە كىم دەپ بەردى؟ كۆرگەنلەر باركەن دە؟
— مەن سۈرۈشتۈرۈپ بىلدىم. يېرىم كېچە بىلەن دەرۋازا ئاۋايلاپ ئېچىلدى، شۇنداقمۇ؟
— ھەئە، تازا شۇنداق بولدى، پەم بىلەن ئاچسىمۇ يەنىلا غىچىرلىدى. ئەمما ئۇزۇك ـ ئۇزۇك غىچىرلىدى.
— دەرۋازا ئېچىلغاندىن كېيىن بىرسى ئۆي تەرەپكە كەتتى، بىردەمدىن كېيىن يەنە كەلدى، ئېغىر بىر نېمىنى كۆتەرگەندەك تالاغا چىقىپ كەتتى، شۇنداقمۇ؟
— توۋا، يەنە كىم بۆلارنى كۆرۈپ تۇرغاندۇ؟ مەن زاھىرنىڭ ھاسىرغىنىنى

ئاڭلىغاندەك بولغانىدىم.

— كېيىنچۇ؟

— كېيىن، سىلى دېگەنىدەك ئۇ بىر ياققا كەتتى، خېلى ئۇزۇندىن كېيىن يەنە كەلدى. دەرۋازا يېپىلدى، ئەتىسى ئۇقساق، ھېلىقىدەك ئىش بوپتۇ، كۆڭلۈمگە گۇپپىدە كەلدى. ئەمما خەقلەر «زاھىر قەشقەرگە كېتىپتىكەن» دېيىشىۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھە، ئەمسە مېنىڭ كۆرگىنىم شۇنىڭغا ئوخشايدىغان بىر كىشى بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ قالدىم.

— سىز زاھىر بىلەن قانداق؟ كىرىپ - چىقىش قىلامسىلە؟

— شىرىنىنىسا بار چاغدا زاھىر بىزنىڭكىگە كىرمەيتتى. شىرىنىنىسا بىلەن خېلى ئوبدان ئۆتەتتۇق، رەھمەتلىك، ئورنى جەننەتتە بولسۇن، كېيىن ئۇنىڭ بالىلىرى قىينىلىپ قالمىسۇن، ئەر كىشى دېگەن تاماق- پاماقنى تازائەپلەشتۈرەلمەيدۇ دەپ ئويلاپ، بىر نەچچە قېتىم ئاش ئەچىقىپ، كېيىن تارتىنماي ئاش ئېچكىلى چىرىغلار دەپ تەكلىپ قىلدىم، ئۇ بالىلىرىنى ئېلىپ بىر نەچچە قېتىم چىقتى...

— بۇگۈن ئۇنى چاقىرىپ كىرسىلە ماقۇل بولامدۇ؟

— بۇگۈن دەمسىلا؟ ئاپلا، ئۇ ئىككى كۈن ئاۋال كېتىپ قالدى.

— كېتىپ قالدى؟ نەگە؟

— تاغ ئارقىسىغا، ئۇ يەردە ئاچىسى بار ئىدى، بالىلىرىم بىلەن قىينىلىپ قالدىم، بالىلارنى ئاچامغا بېرىپ كېلىمەن،— دەپ كەتتى.

— شىرىنىنىسانىڭ ئاتا- ئانىسى بېقىپ بەرسە بولمامتى؟ ياكى ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى يېتىممىدى؟

— ياق، زاھىرنىڭ ئاتا- ئانىسى بۇلتۇر ئالەمدىن ئۆتكەن، شىرىنىنىسانىڭ ئاتا - ئانىسى تېخى ياشلا.

— شۇنداقمۇ؟ — ئابلەينىڭ كۆڭلىدىكى گۇمانلىق كۆلەڭگە روشەن ئادەم سىماسى بىلەن ئالماشتى، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بىر- بىرىدىن ئاجرالماي، گاھ بىرى ئېنىقراق بولۇپ، گاھ يەنە بىرى ئېنىقراق بولۇپ ئۇنى بىئارام قىلىپ كېلىۋاتقان ئىككى كۆلەڭگۈدىن بىرى- ئىلگىرى تۇتۇقراق

بولغىنى بىردىنلا روشەنلىشىپ، يەنە بىرىنىڭ ئىزىنى ئۆچەردى. تەسەۋۋۇر ئېكرانىدا يۈزى ۋە بويۇنلىرى تاتىلانغان، چاچلىرى يىرىك ھەمىشە قوشۇمىسىنى تۈرۈپلا يۈرىدىغان سۆرۈن تەلەت پەيدا بولدى. ئۇ شىرىنىنىسانىڭ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن كۆرۈشۈپ بېقىشنى كۆڭلىگە پۈكتى.

ئابلەي زەينەپخان بىلەن بىللە غىزالانغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتى.

— ماڭا دېگەن گەپلىرىنى باشقىلارغا دەپ يۈرمىسىلە، بۇنى بىز بىر تەرەپ قىلغىچە گەپ ـ چۆچەك بولۇپ كەتسە تەسىرى ياخشى بولمايدۇ،— دېدى ئۇ.

— خاتىرجەم بولسىلا، قورسىقىدا گەپ يانمايدىغان خوتۇن بولىدىغان بولسام نىۋاق داپ ئېتىپ چالماتتىم، ئەسلىدە ھېچ كىشىگە دېمەسمەن دەپتىم، قارىسام تاھىر بىچارە قارىلىنىپ، گۇنا شۇنىڭغا ئارتىلىپ قالىدىغاندەك تۇرىدۇ. ئۇ ئۆزىمىغۇ قىلىقسىز نېمە، ئەمدى، ئۇ دېگەن ياشلىق - دە... يەنە كېلىپ سىلى كۆڭلۈمگە يېقىپ قاللا، بالامدەكلا بولۇپ قاللا، شۇڭا بىلگىنىمنى يوشۇرمىدىم...

ئابلەي مۇمايدىن شىرىنىنىسانىڭ ئاتا- ئانىسى قەيەردە تۇرىدىغانلىقىنى سورىۋېلىپ چىقىپ كەتتى. موماي ئۇنى كوچىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى. بۇ چاغدا قۇياش غەرب تەرەپتىكى مەھەللىلەرنىڭ دەرەخلىرى ئۇستىدە ئېسىلىپ تۇراتتى. قىزغۇچ نۇرلار شاخلار ئارىسىدىن تارام- تارام بولۇپ ئۆگزىلەرنىڭ گىرۋەكلىرىدە قىزغۇچ شولىلار جىمىرلاپ تۇراتتى.

**********

ئەتىسى ئۇ سازلىق بويلاپ شەھەر تەرەپكە ئارىلاپ چىقىدىغان هارۋا يولى بىلەن يۈرۈپ كەتتى، يول ھەمىشە چىڭدىلىپ تۇرغاچقا ئىككى تەرىپىدىكى يەر يۈزىدىن پەسراق ئىدى. سىلىقدىلىپ كەتكەن يول يۈزى قارا — قوغۇشۇن رەڭدە پارقىراپ تۇراتتى.

ئابلەي كېتىۋېتىپ: زاھىرنىڭ بارماق ئىزىغا ئېرىشەلمىدىم، بۇ ناھايىتى چاتاق بولدى، شۇنداق بولسىمۇ سازلىق يولى ماڭا بىر نەرسىنى ئېيتىپ بېرەر، دېگەنلەرنى ئويلىدى. ئۇ سازلىقنىڭ شەھەر تەرىپىدىكى كەنتكە بېرىپ ئەڭ دەسلەپكى ئائىلىدىن يىپ ئۇچى ئىگىلەش ئۈچۈن توختىدى. دېھقان خوجايىن بارلىق ئۇيغۇر دېھقانلىرىغا ئوخشاشلا ئۇنى ياخشى مۇئامىلە بىلەن قارشى ئالدى ۋە كاۋا باراڭلىرى ئاستىغا باشلىدى.

بۇ ئىككى كەنتنى بىر پارچە سازلىق ئايرىپ تۇرسىمۇ، ئارىلىقى يېقىن بولغاچقا بىر - بىرىنى بىلىشى مۇمكىن ئىدى.

— سىلى تالتىرەكلىك زاھىر دېگەن كىشىنى تونۇمىلا؟— دەپ سورىدى ئابلەي سۆھبەتدېشىدىن .

— زاھىر؟ زاھىر كۆكەمە بولمىسۇن يەنە؟ يېقىندا خوتۇنى ئۆلۈپ كەتكەن ئادەمما؟

— ھەئە، بىرەر ئايچە بولۇپ قالدى.

— تونۇمامدىغان ئۇ ئىلگىرى نامى بار چېلىشچى ئىدى، شۇڭا ئىككى يۇرت ئارىسىدا چېلىش بولۇپ تۇراتتى. بىز ئىككى يۇرت تولا ئارىلىشىپ ئۆتىمىز. مەنغۇ ھەممىسىنى دېگىدەك بىلىمەن.

— ناھايىتى ياخشى بولدى، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ يېقىندا خوتۇنى ئۆلۈپ كەتكىنىمۇ بىلىدىكەنلا،— دېدى ئابلەي چىن دىلىدىن خۇرسەن بولۇپ.

— دېدىمغۇ، ئىككى يۇرتنىڭ توي، نەزىر-چىرىغ بىللە،— دېدى دېھقان ماختانغاندەك.

— زاھىرنىڭ خوتۇنى ئۆلۈپتۇ دېگەن خەۋەر سېلىنگە ئاڭلانغاندىن كېيىن ئالدىنقى كۈنى ئۇ شەھەرگە ماڭغانىكەن، ھەقىچان سىلىنىڭ ئىشىكلىرىدىن ئۆتكەندۇ، شۇنىڭغا كۆزلىرى چۈشۈپ قالغانمىدۇ؟

— دۇرۇس، ئۇ چۈش- پېشىملەر بىلەن شەگە ماڭدىم دەپ چىقىپتىكەن، مەن ئۇنى ئالدىراش ئىشى بارمىكىن دېسەم، ئانچە ئالدىراشتەك ئەمەس، ئىشى يوقمىكىن دېسەم، كەچكە تەۋە بولغاندا شەگە مېڭىپتۇ، شۇڭا ئۇنىڭغا چاخچاق قىلىپ:

— نىمانــداق كەچ بولغانــدا شــەگە مېڭىــپ قــالدىڭ؟ بــالىلا ھەيــدەپ چىقامىغاندۇ؟ — دېگەنتىم.

— قايتقانلىقىنىمۇ كۆرگەنمىدىڭلە؟

ــ ھە، بىز ئاشقا ئولتۇرغانىدۇق. ئەنە دەرۋازا شۇنداق قىيا ئىكەن، يول شۇ يەردىن ئۆتىدۇ ئەمەسمۇ، ئۇنىڭ ئۆتۈپ كەتكىنىنىمۇ كۆردۈم.

— شۇ كۈنىسىلام قايتتىڭمۇ دەيمەن؟ ئەتىسىمۇ يا؟

— ۋاي شۇ كۈنىسىلام، كەچتىرەك.

— ئوچۇق كۆردىڭمۇ؟

— مەن ئازغاشتۇرۇۋەتمەيمەن، ئۇزۇن يىل كۆرۈشۈپ يۈرگەن ئادەمنى ئاي قاراڭغۇسى بولسىمۇ تونۇمامدۇ، كىشى.

— يەنە ئىــشەكلىك، شــۇنداقمۇ يــاكى ئىــشەكنى بىــر يەردە تاشــلاپ يېنىپتىمۇ؟

— ئىشىكى بار، ئەمما ئىشىكنى ھەيدەپ پىيادە مېڭىپتۇ، مەن ئۇنى ئىشىكى مىتكوت بولۇپ كەتكەن بولسا ئارقىسىغا ياندىمىكىن دېدىم، ئانچە ئېتىۋار قىلماي ئۇنتۇپ كەتتىم، ئەمدى سىلى ماگەپنى ئاچقاننىڭىزنى ئويلاپ باقسام راست بۇ ئاجايىپ ئىش، ئۇ كەتكىلى خېلى بولغان، شۇنچە ئۇزۇن يولدىن كەينىگە يانغىنى قانداق؟

« ۋاقىت ئۆتكۈزمەكچى!» دەپ ئويلىدى ئابلەي، «ئىشەكنى بۇ كەتتە قويمىغان بولسا قەيەردە قويىشى مۇمكىن؟ سازلىقتا تاشلاپ قويغاندىمۇ؟ ياق، كەچتە ئىشەك جەزمەن سازلىقتا تۇرمايدۇ، ئۆيگە ئۆزىمۇ قايتىپ كېتەلەيدۇ...

ئابلەي سۆھبەتدىشى بىلەن خوشلىشىپ يەنە سازلىق يولى بىلەن تالتېرەككە قايتتى. ئۇ يولدا كېلىۋېتىپ ئويلا ـ ئويلا، ئاخىرىدا كۆڭلى پاللىدا يورۇپ كەتتى، «تۆگمەن!» دەپ پىچىرلىدى ئۇ ۋە ئىلدام مېڭىپ تۈگمەنگە كەلدى.

تۈگمەنچى مۇنۇلارنى ئېيتىپ بەردى:

— زاھىر شۇ كۈنى قاش قارايغاندا تۈگمەنگە كەلدى، ئۇ ياقتىكى يۇرتقا

ئۆتمەكچى ئىكەنلىكىنى، بىراق دەسلەپ ئىشەكلىك چىقىپ، ئەمدى ئىشەكلىك بېرىشنىڭ ئەپسىزلىكىنى ئويلاپ قالغانلىقىنى ئۆيگە ئاپىرىپ قويۇشقا ئېرىنىۋاتقانلىقىنى، شۇڭا تۇگمەندە قويۇپ كېتىپ، كېيىن يانغاندا ئېلىپ ئۆتۈپ كەتمەكچى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. گەپلىرى سەل تاققا- تۇققىدەكمۇ قىلىدۇ- يۇ، ئۇ چاغدا كىم بىلىدۇ دەيلا، بوپتۇ، ئېغىلغا سولاپ قوي، ماڭا نېمە ئېغىرى دەپتىمەن...

— ئەتىسى سەھەردە ئېلىپ كەتتىمۇ؟

— ياق خېلى كېچىدە، تەڭ كېچىدە دېسىمۇ بولىدۇ، ئەمدى يانىدىڭمۇ دېسەم ئەمدى ياندىم، دېدى ـ دە، كەتتى.

— قايسى تەرەپكە كەتكىنى كۆردىلىمۇ؟

— ئۆيگە كەتكەندۇ، قاياققا ماڭماقچى ئىدى ؟

— سىلى ئېنىق كۆردىلىمۇ قانداق؟

— ياق، مەن ئۇنىڭغا زەڭ قويۇپ يۈرەيمۇ، ئۇيقۇلۇقتا، كەتتىم دېدى، كەتتى دېدىم، شۇ.

— ئاياق تىۋىشىدىن ئۇياققا ماڭغىنى ياكى بۇياققا ماڭغىنىنى بىلىنمىدىمۇ؟

— ھېچ...

— خەير، سىلىنى مالال قىلدىم،— ئابلەي خوشلاشتى.

— ئۇنىڭغا دادۇيجاڭ بىلەن كۆرۈشۈشنىڭ ئەھمىيىتى قالمىغاندەك تۇيۇلدى. ھازىر قاتىل ئاساسەن مۇقىملىشىپ قالغانىدى.

ئۇنى قايتىش يولىدا تاھىرنىڭ ئايالى توستى، يىغىدىن كۆزلىرى قىزارغان، بىردەمدىلا رەڭگى رۇخسارى سولۇپ، قېرى چىراي بولۇپ كەتكەن بۇ چوكان ئابلەينى كەتتىن چىقىدىغان بىر خىلۋەت جايدا ساقلاپ تۇرغانىكەن.

— سىلىنىڭ كەلگەنلىرىنى ئاڭلىدىم، كۆردۈم، ئۆيگە كېلەمدىكىن دېسەم كەلمەيدىغاندەك قىلدىلا... ئالدىلىرىنى توسۇپ ئەدەپسىزلىك قىلدىم...

— گەپ ـ سۆزلىرى بارمىدى؟

— تاھىرنى ناھەق يەپ كېتىدىغان بولدى، ئۇمۇ زادى دۈشمەنلىك ئىدى...

— قانداق دۈشمەنلىك؟

— دادۇيجاڭ ئۇنى يامان كۆرەتتى... سىلىگە كۆڭلۈمدىكىنى دېدىم، ئىشەنگەچكە... نېمە دەپ ئويلاپ قالسىلا مەيلى، ئەمدى راستىنى دەي، تاھىرنىڭ شىرىنىسا بىلەن گېپى چىققىنى راست، لېكىن، دادۇيجاڭ ئىككىسى توغرۇلۇقمۇ گەپ ئاز ئەمەس ئىدى. ئۇ كادىر بولغاچقا غىدىڭ-پىدىڭ يوق، ھەممە گەپنى تاھىر كۆتىرەتتى... سىلى بىلمەيلا، نېمىلا دېگەن بىلەن نەچچە بالىنىڭ دادىسى ـ دە!

— كۆڭۈللىرىنى بۇزمىسىلا...

— بۇزمىغىنىم بىلەن ھېلىقى غوجام مايەردىكى غۇجامنىڭ بىر نېمىسىنى يەپ گېلىنى پوق قىلىۋالسا، مۇشۇنىڭ دېگىنىدەك قىلىۋېتەرمىكىن دەپ قورقىمەن.

— خاتىرجەم بولسىلا، ئۇنداقلا قىلىۋەتكىلى بولامتى.

— گەپلىرىنى قارىسىلا، ئۆزەممۇ پەملەپ قالدىم، دادۇيجاڭ مۇناپىق ھېلىقى سوغۇق شورپا ھەمراھلىرىغا بىر نېمىلەر ئەۋەتىپ تۇرىۋاتقاندەك... سىلىدىن تىلەي... — ھۆركىرەپ يىغلىۋەتكۈدەك قىلىپ تۇرغاچقا ئىتتىك مېڭىپ كەتتى. ئابلەي ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن يولىنى داۋام قىلدى.

# يەتتىنچى باب. ئاخىرقى ئۇرۇنۇش

ئابلەي ئىدارىگە كەلگەندە مەتتۇردى ئۇنىڭغا كۆڭۈلسىز خەۋەر يەتكۈزدى:

— دىلو خۇلاسە قىلىنىپ ئوتتۇرا سوتقا يوللىنىپ بولدى، تاھىر قاتىل دەپ بېكىتىلدى، تېخى يىغىنلاردا باشلىق ئۆمەرنىڭ خىزمەت پوزىتسىيىسى، چاققانلىقىنى كۆپ ماختىدى.

— بىراق، مەندە قاتىلنىڭ تاھىر ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىللەر بار.

— ئەمدى ئۇنىڭ قانچىلىك پايدىسى بولاركىن؟ ئۆمەرنىڭ دادىسى باشلىقنى ئالاھىدە ماختاپ، ئۇنىڭ ئۆمەرگە خىزمەت كۆرسىتىش پۇرسىتى يارىتىپ بەرگەنلىكى، ئۆمەرنى تەربىيىلەپ ياخشى رازۋېدچىك قىلىپ چىققانلىقىغا رەخمەت ئېيتىپ كېتىپتۇ. ئەمدى بىردىنلا ئۆمەر ئىشلىگەن دىلونى خاتاغا چىقىرىش تەس بولارمىكىن دەيمەن.

— بىراق، مەن ۋىجدانىغا مۇخالىپ ئىش قىلىشنى خالىمايمەن، گۇناھسىز ئادەمنى ئۆلۈم كۈتۈپ تۇرغاندا سۈكۈت قىلىپ تۇرۇش ئىنساننىڭ تەبىئىتى كۆتۈرىدىغان ئىشمۇ؟

— «ئىنسان تەبىئىتى» دېگىنىڭنى ئۇلار ئاڭلاپ قالمىسۇن، ھېزى بول، خوش، قانداق قىلماقچىسەن؟

— بۆلۈم باشلىقى بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنى قايىل قىلىشقا تىرىشىمەن، بولمىغاندا ئۆمەر بىلەن ئۆز قاراشلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇشۇپ باقىمىز.

— ھەي، قانداق بولاركىن، ئىدارە باشلىقىمۇ، بۆلۈم باشلىقىمۇ ھوقۇق تارتىۋالغانلار، كەسىپ ئەھلى باشلىقلارنىڭ ھەممىسى جىن- شەيتان بولۇپ تۇرمىدە ياتقاندا راست گەپ قانچىلىك ئاقاركىن؟ ئەمما مەن سېنى توسمايمەن، ئەكسىچە تېخنىكا بۆلۈمى ئىسپاتلىغان بارماق ئىزلىرى

ھەققىدە گۇۋاھلىق بېرىمەن. ئەگەر يەنە ئانالىز قىلىشقا تېگىشلىك نەرسىلەر بولسا ماڭا بەرگىن، ياردەم بېرىمەن.

— بۇ قېتىم مەن ئۆلگۈچىنىڭ ئىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ بارماق ئىزىنى ئالماقچىدىم، بەختكە قارشى بۇ ئادەم تاغ ئارقىسىغا چىقىپ كېتىپتۇ، بولمىغان يېرى كەلگەندە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بېرىشقا توغرا كېلىدۇ.

— بۇمۇ سېنىڭ تەلىيىڭ كاج تۇرغانلىقىنىڭ بىشارىتى.

— ماقۇل، مەن بۆلۈم باشلىقى بىلەن كۆرۈشۈپ باقاي.

ئابلەي مەتتۇردى بىلەن خوشلىشىپ بۆلۈم باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىغا كىردى.

— سىزدە باش باشتاقلىقىنىڭ ئامىللىرى بىخ سۇرۇپ قېلىۋاتىدىغۇ دەيمەن،— دېدى بۆلۈم باشلىقى.

— بۇ ئىشتا...

— ئۆزىڭىزنى ئاقلىمايلا قويۇڭ!

— ياق، ئۆزەمنى ئاقلىماقچى ئەمەس، مەن بۇ دېلودا ئۆمەرنىڭ خۇلاسىسىگە قوشۇلمايمەن، شۇنداقلا مەندە تاھىرنىڭ ھەققىي ئەيىپكار ئەمەسلىكىنى دەلىلەيدىغان پاكىتلار بار. مۇشۇنداق تۇرۇپ، بىر گۇناھسىز ئادەمنىڭ جازالىنىشىغا سۈكۈت قىلىش ئىنسان تەبىئىتىگە، ۋىجدانىغا مۇخالىپ دەپ قاراپ، قايتىدىن ئىزدىنىپ بېقىش ئۈچۈن تالتېرەككە كېتىپ قالغانىدىم...

— ئىنسان تەبىئىتى؟ بۇرژۇئازىيىنىڭ قارا ماللىرى! گۇناھسىز ؟! ئۇنىڭ ئىستىلى مەسىلىسى پاكىتقۇ؟ ھېچ بولمىسا- دە، بۇمۇ گۇناھ ئەمەسمۇ؟

— ئۇغۇ گۇناھ، بىراق ئۇ باشقا ئىش، ھازىرقى گەپ قاتىللىق...

— ئەمسە بىلگەنلىرىڭىزنى سۆزلەپ بېقىڭ. گەرچە مەن سىزنىڭ ھېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايدىغانلىقىڭىزنى بىلسەممۇ، ھەم بۇ دېلو ئاللىقاچان خۇلاسىلىنىپ بولغان بولسىمۇ، سۆزلىرىڭىزنى ئاڭلاپ باقاي.

ئابلەي سومكىسىنى ئاۋايلاپ ئېچىپ ئۇنىڭدىن دېلو ھەققىدىكى خاتىرە

ۋە سۇرەتلەرنى ئالدى.

— ئۆلگۈچىنىڭ ئاغزىدىكى تىلنىڭ ئۇچى چىشلىۋېلىنغاندىن كېيىن تۇكۇرىۋېتىلگەن، ئۇنىڭدا تويپا قېتىشمىسىنىڭ بولىشى ۋە روشەن بارماق ئىزىنىڭ بولۇشى بۇنىڭ دەلىلى. بۇنىڭدىن باشقا، تىلنىڭ ئۆلگۈچىنىڭ ئاغزىدا تۇرۇش ھالىتىمۇ بۇ تىلنىڭ باشقا بىرسى تەرىپىدىن كېيىن قايتا قىستۇرۇپ قويۇلغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. بارماق ئىزلىرىنى سېلىشتۇرۇش نەتىجىسىدىن قارىغاندا تىلدىكى بارماق ئىزى تاھىرنىڭ ئەمەس ھەم ئۇنداق بولىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس! ئۆلگۈچىنىڭ بارماق ئىزى تېخىمۇ ئەمەس! بۇ ھال بىزگە بۇ يەردە ھەرىكەت قىلغان ئۈچىنچى شەخسنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئىمكانىيىتى بېرىدۇ.

— ئۇ تىل پارچىسىنى تۇتۇپ باققانلار خېلى كۆپقۇ، ئۇنىڭدا سىزنىڭمۇ بارماق ئىزلىرىڭىز قالغاندۇر، بۇ نېمىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ؟

— توغرا، ئۇنى تۇتۇپ باققانلار ئاز ئەمەس، بىراق، مەن دەۋاتقان بارماق ئىزى قان تېخى قېتىشمىغان چاغدىكى بارماق ئىزى. ئۇنى دورا ئارقىلىق روشەنلەشتۈرۈشنىڭمۇ ھاجىتى يوق.

— خوش داۋاملاشتۇرۇڭ، بىراق قىسقىراق سۆزلەشكە تىرىشىڭ.

— بۇنىڭدىن باشقا جەسەتنىڭ تىرنىقىدا تېرە قاسىرقىنىڭ تۇرغانلىقىنى بايقىغاندۇق، بۇ ئۆلگۈچىنىڭ قاتىل بىلەن قارشىلىشىپ، ئاخىرقى مىنۇتلاردا قاتىلنىڭ يۈز- كۆزىنى مورلىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ۋاھالەنكى، بىز بۇ تېرە قاسىرقىنىڭ ئەسلى ئورنىنى تاھىرنىڭ يۈزلىرىدىن تاپالمايمىز. باشقىلارنىڭ ئېيتىشىچە شۇ كۈنلەردە زاھىرنىڭ يۈزىدە بۇنداق ئىزلار پەيدا بولغان، كىشىلەر بۇنى «دەرت- ئەلەمگە چىدىماي ئۆزىنى تاتىلاپ يىغلىغانلىقىنىڭ مەھسۇلى» دەپ قاراشقانىكەن. بۇنىڭدىن باشقا جەسەتنىڭ بارماقلىرى ئارىسىدا بىر نەچچە تال قىسقا چاچ بار. بۇنداق تىوم ۋە يىرىك چاچلارنىڭ جۈپتىنىمۇ تاھىرنىڭ بېشىدىن تاپالمايمىز، تاھىرنىڭ چاچلىرى روشەن يۇمران چاچ، رەڭگىمۇ سېرىق قوڭۇر...

— ھەقىقەتەنمۇ چوڭ پاكىتلار ئىكەن! تىلدىكى بارماق ئىزىنىڭ

جۈپتىمۇ بەختسىز ئەرنىڭ قولىدا بولمىسۇن تايىنلىق؟!ــ دېدى بۆلۈم باشلىقى تەئەددى قىلىپ.

— ئەپسۇسكى، بۇ ئاخىرقى پاكىتقا ئېرىشەلمىدۇق، ئەينى چاغدا بىز ئۇنى مۇسىبەت ئۇستىدە بولغاچقا دەرھال زىيارەت قىلىشنى ئەپسىز كۆرگەن ۋە ئۇنىڭ بارماق ئىزىنى كېيىنرەك ئېلىۋالساقمۇ بولار دەپ ئويلىغان، ئەمما ئۇ ئاخىرقى پاكىت قولغا چۈشكەن ھامان ھەممە ئىش قىل سىغمايدىغاندەك دەرىجىدە روشەن بولىدۇ. مەن ھېلىمۇ بۇنى ئاساسەن مۇقىملاشتۇرۇشقا بولىدۇ دەپ قارايمەن... ۋىجدانەن ئېيتقاندا...

— ماڭا بۇرژۇئازىيىنىڭ ماللىرىنى تەشۋىق قىلىشنى قويۇڭ، سۆزىڭىز تۈگىدىمۇ؟

— ياق، بۇ قېتىم ئىگىلەپ كەلگەنلىرىمگە قۇلاق سېلىڭ، بۇ ئىنتايىن مۇھىم، بۇلار قاتىلنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى خېلى روشەن ئىسپاتلىيالايدۇ،— ئابلەي زەينەپخان موماي بىلەن قىلىنغان سۆھبەتنى تەپسىلى سۆزلەپ بەردى، ئەمما بۆلۈم باشلىقىنىڭ خىيالى قايسى بىر چوڭ پەن يىغىنىنىڭ تەييارلىق ئىشلىرى ئۈستىگە كېتىپ، تازا كۆڭۈل قويمىدى.

— خوش، شۇنداق بولغان بولسا بۇ نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟— دېدى ئۇ ئېرەڭسىزلىك بىلەن،—بەلكىم موماي قاراڭغۇدا خاتا كۆرۈپ قالغاندۇر، كېچىچە ھويلىدا تىمىسقىلاپ يۈرگىنى دەل قاتىل — تاھىرنىڭ ئۆزىدۇر.

— ئۇنداق بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ تاھىر ئۇ چاغدا ئۆز جېنى بىلەن ھەلەك بولۇپ، ئۆيىگە ئاران بېرىۋالغان تۇرسا... يەنە كېلىپ زاھىرنىڭ شەھەرگە كىرىپ كەتكەنلىكىنى رەت قىلىدىغان بىر مۇنچە پاكىتلار بار. مەن پاكىتلارغا ئاساسەن شۇ كۈنى كېچىسى بولغان ۋەقەنى مۇنداق تىزىپ چىقتىم،— دېدى ئابلەي ھەقىقى رازۋېدچىكلارغا خاس چىچەنلىك بىلەن ئۆز تەسەۋۋۇرلىرىنى دادىل سۆزلەپ،— شۇ كۈنى زاھىرنىڭ تاھىرنى شەھەرگە بىللە كىرىشكە ئالاھىدە تەكلىپ قىلىشى ۋە كېيىن ئۆزى: «ئەمسە مەن كەتتىم، بىر بولسا ئەتە، بولمىسا ئۆگۈنلۈككە چىقىمەن» دەپ تاھىرنىڭ

كۆزىچە مېڭىپ كەتكىنى ئەسلىدە بىر توزاق. ئۇ بۇنى بىلىندۇرۇش ئارقىلىق، تاھىرنىڭ شۇ كۈنى شىرىنىسانىڭ قېشىقا كىرىشىنى قولغا كەلتۈرمەكچى، ئاندىن شۇ يەرنىڭ ئۆزىدە تاھىرنى تۇتىۋېلىپ قىساس ئالماقچى بولغان. شىرىنىسانىڭ ياخشى كۆرىدىغان ئاشىنىسىنىڭ تىلىنى چىشلىۋېلىشىدىن قارىغاندا ئۇ ئىرى تەرىپىدىن مەجبۇرلانغان. ئىرى شۇنى شۇنداق قىلىشقا قىستىغان، بولمىسا...، قىلىمەن، دەپ تەھدىت سالغان. بۇ ھال ئايالغا ناھايىتى ئېغىر كەلگەن. تاھىرنىڭ ئىقرارىدىنمۇ شۇ كۈنى ئايالنىڭ پوزىتسىيىسى تازا قىزغىن بولمىغان. سولغۇن، كەيپىسىز بولغان، كېيىن گەرچە ئېچىلغاندەك بولغان بولسىمۇ بۇمۇ سۈنئىي ئىدى. زەينەپخان ومايىنىڭ ئىسپاتلىشىغا ئاساسلانغاندىمۇ شىرىنىسا شۇ كۈنلەردە ناھايىتى جىمخور ۋە بىچارە بولۇپ قالغان. شىرىنىسا ئېرىنىڭ قىستىشى بىلەن ئۇنىڭ تەلىۋىگە ماقۇل بولغاندىن كېيىن زاھىر «شەھەرگە كىرىش» كومېدىيىسىنى ئويناپ، تاھىرغا «ئۆيىنىڭ خاس قالغانلىقى» دىن بىشارەت بەرگەن، ئۆزى بولسا سازلىقتىن ئۆتۈپ، ئۇ تەرەپتىكى كەنتتە كۈننى كەچ قىلغان، قايتىپ كېلىپ، ئېشىكنى تۈگمەندە قالدۇرۇپ، ئوغرىلىقچە ئۆيگە كېلىپ ھويلىدا بىر يەرگە يوشۇرۇنۇپ تۇرغان. زەينەپخاننىڭ ئەسلىمىسىدىن قارىغاندا تاھىر ئۆيگە كىرگەن ۋە تىلى چىشلىۋېلىنغاندىن كېيىن يۈگرەپ چىقىپ كەتكەن چاغدا زاھىر دەل ھويلا ئىچىدە يوشۇرۇنۇقلۇق ئىدى. ياتقان يېرىدىن چىقىپ ئۆيگە كىرگەن ۋە قورقۇپ كېچە ھۇشىنى يوقاتقان ئايالىنى ئۆزى ئۆلتۈرگەن، دەسلەپ ئۇ بىردەم ئىككىلىنىپ تۇرغان، كېيىن ئۇزۇۋېلىنغان تىل، قان ۋە ئايالى بىلەن تاھىرنىڭ مۇناسىۋەتلىرى قاتارلىق نۇرغۇن ئىشلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەنسىرى خىيالىدا يىرتقۇچلۇق باش كۆتۈرۈپ، ئايالىنى ئۆلتۈرۈۋېتىش نىيىتىگە كەلگەن ھەم چىقىپ دەرۋازىنى زەنجىرلاپ قايتىپ كىرىپ ئايالىغا قول سالغان، بۇ چاغدا ھوشىغا كېلىشكە باشلىغان ئايال كارنىيىنى بوغۇۋاتقان ئادەمنىڭ يۈزىنى تاتىلىغان، چىچىنى يۇلغان، قاتىل مەقسىدىنى ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن تىلىنىڭ ئۇچىنى ئايالىنىڭ ئاغزىغا قايتىدىن كەپلەپ، يېرىم كېچە بولغاندا ئۇنى يۇدۇپ ئېلىپ

چىقىپ، كوچا دوقمۇشىغا ئاپىرىپ تاشىغان، ئۇنىڭ ئەخمىقانە تەسەۋۋۇرىدا مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق...

— يېتەرلىك، يېتەرلىك، دېمەك، بىز سىزنىڭ خىيالىڭىزدا پەيدا بولغان ھېكايىگە ئاساسەن قارار چىقارساق بولىدىكەن ـ دە؟

— ئۇنداق ئەمەس، بۇنىڭدىكى پاكىتلارغا ئاساسەن، بۇ پاكىتلار قاتىلنىڭ بارماق ئىزى بىلەن ئۇزۇل- كېسىل تولۇقلىنىدۇ. ھازىرنىڭ ئۆزىدىمۇ ئۆمەرنىڭ تاھىرنى قاتىل دەپ بېكىتىشتە ئاساسلانغان «پاكىت» لىرىغا قارىغاندا مېنىڭ دېگەنلىرىم ئىشەنچىلىكراق...

— سىز پىتنىخورلۇق قىلماڭ، ئىككىڭلارنى بىر خىزمەتكە بەلگىلىسە نىمىشكە يەنە «ئۇنىڭ، مېنىڭ» دېگەنلەر پەيدا بولىدۇ، زادى؟ خىزمىتىڭلار بىر بولغاندىن كېيىن خۇلاسەڭلارمۇ بىر بولىشى كېرەككۇ؟

— خىزمىتىمىز بىر بولغىنى بىلەن ماڭغان رىلىسلىرىمىز باشقا- باشقا بولغاندىكىن بېرىپ يەتكەن يېرىمىز باشقا بولىدۇ ـ دە.

— ئۆزىڭىزنىڭ قولىدىن بىر نېمىنى تولۇق خۇلاسىلەپ چىقىش كەلمەيدۇ، خەقنىڭ پۈتكۈزگەن ئىشىدىن پۇتاق چىقىرىسىز، قاملاشمىغان... ئۆمەر، ئۆمەر! ئۇ، مەن! نېمە سىز خەق بىلەن ئۆزەڭگۈ سوقۇشتۇرىسىز؟ شەخسى كۆرەلمەسلىكنى خىزمەتكە سۆرەپ كىرىشكە بولمايدۇ.

— ھېچ بولمىسا بىز زاھىرنىڭ بارماق ئىزىغا ئېرىشكىچە دىلونى سوتقا قويۇشتىن كېچىكتۈرۈپ تۇرسا...

— بولىدۇ! مەن شۇنداق قىلىشقا قارشى ئەمەس، بىراق سىز ئويلىغاندەك ئۇ «ئاخىرقى پاكىت» ىڭىز ئۇنداق بولماي چىقسا قانداق قىلىسىز؟ دىلونىڭ كېچىكتۈرۈلىشى، بىر يامان ئادەمگە زەربە بېرىشنىڭ كېچىكىشىدىكى جاۋابكارلىقنى ئۈستىڭىزگە ئالالامسىز؟

— ھۆددىگە! ئەگەر...

— قۇرۇق گەپنى قىلىدىكەنسىز، بىز تاھىرنىڭ ئىستىلى بۇزۇقلىقىغا قاراپمۇ ئۇنىڭ ھەرقانداق جىنايەتنى ئۆتكۈزەلەيدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرەلەيمىز، بۇنىڭدا شەك يوق.

— بىراق، مەن ھەقىقىي قاتىلنى تاپماي قويمايمەن!

— بۇ ئۆزىڭىزنىڭ ئىشى، بۇ يولدىكى ئاۋارىگەرچىلىكنىڭ ھەممىسى ئۆزىڭىزگە ھېساب، بىز سىزنى بۇيرىمىدۇق، ھەرھالدا خىزمەتكە تەسىر يەتكۈزمەي قىلىدىغىنىڭىزنى قىلىپ باقسىڭىز بولىدۇ.

ئابلەي بۆلۈمدىن قايتىپ چىققاندىن كېيىن مەتتۇردىنىڭ قېشىغا كىردى ۋە قورساق كۆپىكىنى تۆكۈشكە باشلىدى.

— ئاستىراق سۆزلە، جىن ـ شەيتان بولۇپ قالمىغىن يەنە.

— مەيلى نېمە بولسام بوپتىمەن! ئەتىلا يولغا چىقىمەن، شىمالغا بېرىپ زاھىرنى تاپىمەن!

— ئەتىگىچە ئىدارە باشلىقى بىلەن بىر كۆرۈشۈپ باقساڭمىكىن دەيمەن . ئۇمۇغۇ بىر ئىسيانچى باتۇر، شۇنداق بولسىمۇ تاسادىپى قوللاشقا ئېرىشىپ قالساڭ ئەجەپ ئەمەس، بۇنداق ئېھتىماللىق ئەگەر ئۇ بۆلۈم باشلىقى بىلەن تازا كېلىشەلمەيدىغان يېرى بولغاندا بولۇپ قالىدۇ . ھېچ بولمىسا رۇخسەت سوراپ ماڭارسەن .«پىتىنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوچاققا سېلىپ بولماس››.

— مەيلى، دەپ قالدىڭ كۆرۈشۈپ باقاي .توۋا، بۇلارنىڭ نىيىتىنىڭ يامانلىقىنى! بىر يېقىن ئادىمىنى ‹‹نەتىجىگە » ئىگە قىلىش ئۈچۈن پۈتۈنسۈرۈك بىر ئادەمنى قۇربانلىق قىلىۋەتكۈدەكقۇ!

ئابلەي  ئەتىسى ئىدارە باشلىقىنى يولۇقتۇرالمىدى . ئۇ ناھىيە بويىچە ئېچىلغان چوڭ پىپەن يىغىنىغا كەتكەنىكەن . يەنە بىر كۈن كۈتۈشكە توغرا كەلدى . ئاخىرى ئۇ باشلىق جانابلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ ئەھۋال ئېيتىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى . بىراق ئۇ ئېغىزىنى ئېچىشىغىلا :

— ھە، بولدى، مېنىڭ ھەممىدىن خەۋىرىم بار، بۆلۈم باشلىقىدىن ئاڭلىدىم، سىز نىمىشقا ئۆزىڭىزنىڭكىنىلا راست  قىلىسىز ؟ئىستىلى بۇزۇق بىر قاتىلنى گۇناھسىز دېيىشكە قانداق پېتىنىدىڭىز ؟ يەنەتېخى «ئىنسان تەبىئىتى »دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ يۈرۈپسىز. مەن سىز بىلەن بۇ توغۇرلۇق ئوبدانىراق سۆزلىشەي دەپ تۇراتتىم،— دېگەندەك گەپلەرنى

قىلدى.

ھەممىدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن ئابلەي بىر نەچچە كۈن سەپەر تەييارلىقىنى قىلدى . تۇنۇش- بىلىشلىرىدىن پۇل، ئاشلىق بىلىتى قەرز ئالدى . ئاندىن دوستلىرىنىڭ تۇنۇشتۇرۇشى بىلەن بىر يۈك ئاپتوموبىلىغا ئولتۇرۇپ سەپەرگە چىقىپ كەتتى .

# سەككىزىنچى باب. ئاخىرقى پاكىتنى ئىزدەپ

شۇنداق قىلىپ ئابلەي بىر نەچچە كۈن سەپەر قىلىپ ئۈرۈمچىگە كەلدى. ئاندىن تولىغا (زاھىر شۇ ناھىيىدە ئىدى) بارىدىغان ماشىنا تاپالماي بىر نەچچە كۈن ئاۋارە بولدى. ئۆيدىن چىقىپ يېرىم ئايدىن كېيىن دىلو يۈز بېرىپ ئىككى يېرىم ئايدىن كېيىن ئاخىرى مەنزىلگە يېتىپ كەلدى .

ئۇ زاھىر نى تاپقاندا شۇنى بىلدىكى، ئۇ تۇققانلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن شۇ يەردە ماكانلىشىپ قالغانىكەن ئۇ ھەر ئېھتىماللىققا قارشى زاھىرنى رەسمى ئىزدەپ كەلگەن قىياپەتتە ئەمەس، تاسادىپى ئۇچرىشىپ قالغان قىياپەتتە ئۇتتۇرىغا چىقتى .

— ئەجەبا، سىلى ئاياللىرىنىڭ قاتىلىنى قانداق جازالايدىغانلىقىمىزنى كۆرۈپ باقاي دېمەي، بۇيەرگە كېلىۋاپلىغۇ؟— دېدى ئابلەي زاھىرغا. ئۇ ئۇنىمىنىڭىنىغا قويماي زاھىرنى بىر ئاشخانىغا ئەكىرگەن بولۇپ ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى شىرەدە ئىككى سائەتلىك جاپالىق ئۆچرەت بەدىلىگە سېتىۋېلىنغان تاماق ۋە تاماققا قوشۇپ سېتىلىدىغان سېرىق قوناق نېنى تۇراتتى .

— ئۇنى كۆرۈپ نىمە قىلاتتىم ؟ ئايالىم تىرىلىپ قالامتى ؟— دېدى زاھىر توڭلۇق بىلەن،— ئۇ شە ماڭا ھارام بولدى، يېنىپ كەلدىم، شۇ .

— بىراق، سىلى بالىلارنى ئاچامغا بېرىپ كىلىمەن، ئۆزۈم قېيىنلىپ قالىدىكەنمەن،— دەپ يېنىپ چىققانىكەنلىغۇ؟

— شۇنداققۇ دېگەن، بۇيەرگە چىقىپ بولۇپ، كەتكىم كەلمىدى. تارتىشقۇدەك نىمە بار تالتېرەكتە؟ قاپ بىلەن تاغار!

ئابلەي بۇ ئارىدا بىر پارچە شىلىملىق رەختكە ئۇنىڭ ھەر ئىككى قولىنىڭ بارماق ئىزلىرىنى چۈشۈرىۋالدى . ئۇ بۇ ئىشنى ھەقىقىي ئۇستىلىق بىلەن قىلدى . زاھىر زادىلا تۇيمىدى.

— راست ئېيتىلا، ئادەم دېگەنگە نەدە كۆڭۈل ئۇسسە شۇ يەردە يۇرت،— دېدى ئابلەي ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىپ،— بۇ ئىشلىرىمۇ ئوبداب بوپتۇ،— ئۇ زاھىرنىڭ ھە دەپ بۇلۇڭ ئىزلەۋاتقان كۆزلىرىگە قاراپ، ئۇنىڭ چىراي ئىپادىسىنى تەھلىل قىلاتتى.

— سىز مېنى ئىزدەپ كەلگەن مۇ- يا..؟— دېدى زاھىر خۇدۇكسىرىگەندەك (ئۇ ھازىر شىمال تەلەپپۇزىدا سۆزلەيتتى )

— ياق، مەن باشقا بىر خىزمەت بىلەن كەلگەنىدىم، قارىسام سىلى كېتىۋېتىپتىلا ئەھۋاللىشاي دەپ قالدىم .

— تۇرامسىز ؟ پاتلا كېتەمسىز ؟

— بىر ئاز ۋاقت تۇرىمەن، بۇيەردىكى ئىشىم تۈگىگەن ھامان كېتىمەن .

— ئۆيگە بارارسىز؟

— قېنى، نسىپ بولسا.

ئۇلار شۇ تەرىقىدە خوشلاشتى .

ئابلەي مېھمانخانىغا كىرىپلا زاھىرنىڭ بارماق ئىزى چۈشۈرۈلگەن شىملىق رەختنى بۇزۇلمايدىغان ئامالالارنى قىلىپ كونۋېرتقا سالدى . ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى كوماندىروپكىسى «ئۆز بېشىمچىلىق » بولغاچقا ئۇنىڭدا ئىز روشەنلەشتۈرۈش دورىلىرى، فوتو ئاپپارات ۋە باشقا قورال ئەسۋاب، يوقىدى . شۇڭا ئۇ شىلىملىق رەختنىڭ ئۆزىنىلا مەتتۇردىغا ئەۋەتىشكە مەجبۇر بولغانىدى.

مەتتۇردى بارماق ئىزلىرىنى سېلىشتۇرۇپ نەتىجىسىنى ئەۋەتىپ بەرگەندىن كېيىن، ئۇ ئاخىرقى پاكىتقا ئىگە بولغان ھامان زاھىرنى سوراق قىلاتتى . بۇ چاغدا ئۇ ئاززاق قائىدىنى بۇزۇشقا مەجبۇر بولسىمۇ ئىشقىلىپ، بۇ سوراقنى قىلماي بولمايتتى . ئاندىن ئۇ ھاسىلات بىلەن قايتىپ كېتەتتى- دە، ئۆمەرنى مات قىلاتتى . ئۇ كۆڭلىدە غەلىبە تەنتەنىسى قىلىشقىمۇ ئۈلگۈردى .

مەتتۇردىنىڭ جاۋابى كەلمىگۈچە ئۇ ياتاقتىن نېرىغا بارمىدى . زاھىرغا قايتا كۆرۈنمەسلىككە تىرىشتى، نىھايەت 15 كۈندىن كېيىن مەتتۇردىنىڭ خېتى يېتىپ كەلدى . خەت ئىچىدە ئىككى پارچە سۈرەت بار ئىدى . بۇنىڭ بىرى تىل ئۇچىدىكى بارماق ئىزى، يەنى بىرى شىملىق رەختكە ئېلىۋېلىنغان بارماق ئىزى ئىدى . ئۇ سۈرەتكە ئىنچىكىلەپ قاراپ ئۇنىڭ ئوخشاش ئىكەنلىكىنى پەملىدى .دوستىنىڭ خېتىدە ئۇنىڭ نەتىجىسى ئېنىق بار بولسىمۇ ئۇ ئەتەي ئۆزى سېلىشتۇرۇپ ئۆز- ئۆزىنى سىناپ باقتى . خەتتىكى مەلۇماتنى پەرەز قىلىپ بىر مۇنچە ۋاقىتنى ئۆتكۈزدى .

ئابلەي ئاخىرى خەتنى ئېچىپ ئوقۇشقا كىرىشتى . مەتتۇردى مۇنۇلارنى يازغانىدى:

«...بارماق ئىزلىرى تامامەن ئوخشاش چىقتى . ئۇتتۇقلىرىڭنى تەبرىكلەيمەن . بىراق، دوستۇم ساڭا شۇنى خەۋەر قىلىپ قويايكى، تاھىرنى سوتلاپ، جىنايىتىنى ئوتتۇرا سوت بېكىتىپ بولدى . مەن ئۇلارغا سەن ئەۋەتكەن نەرسىلەرنى فىليونكا ۋە چوڭايتىلغان سۈرەتلەرنى كۆرسىتىپ، ھەقىقىي قاتىلنىڭ تېپىلغانلىقىنى ئېيتقان ئىدىم، بىراق ئۇلار قولاق سالمىدى . قارىغاندا قاتىلنىڭ ئۆز ئىقرارنامىسى بولسا ئاندىن قايىل بولىدىغان ئوخشايدۇ . پايدىلىنىشىڭ ئۈچۈن شۇنىمۇ ئېيتىپ قوياي، تالتېرەكنىڭ دادۇيجاڭى بىلەن بىزنىڭ باشلىقلارنىڭ جۇملىدىن ئۆمەرنىڭمۇ مۇناسىۋىتى يېقىنلىقى مەلۇم بولىۋاتىدۇ . تاھىرنىڭ ئايالى ئىرىنى يوقلاپ كەلگەنىكەن، ئۇنىڭ ئېيتىشىچە بىزنىڭكىلەر تالتىرەككە خېلى كۆپ قېتىم بېرىپ دادۇيجاڭغا مېھمان بولۇپ كەپتىمىش . ئۇ ياق بولسا بۇ يەرگىمۇ كېلىپ كەتتى . ئاخىرقى سوتتىن كېيىن مەلۇم بولۇشىچە دادۇيجاڭ تاھىرنىڭ شۇ كېچىسى يېرىم كېچىلەردە شىرىنىسانىڭ ئۆيىدە، ھويلىسىدا يۈرگەنلىكىگە دائىر ئىسپاتلارنى بېرىپتۇ . تاھىرنىڭ ئايالىنىڭ ئېيتىشىچە دادۇيجاڭ ئەزەلدىن تاھىرنى يامان كۆرىدىكەن . شىرىنىسانى ئىرىدىنمۇ بەكرەك ئۇ كۈنلەيدىكەنمىش ... ھەرھالدا ئۇ دوستلۇقنى ئىپادىلەپ بىزنىڭكىلەرگە بىرەر تاغاردىن «كەپسەن» بەرگەن ئوخشايدۇ.80% سېرىق

قوناق بىلەن تەمىنلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە بىرتاغار بوغداي ئاز سوۋغاتمۇ؟...
ئابلەي، ئەڭ مۇھىم ئىشنى تېخى ئېيتمىدىم، بۇنى ئېسىڭدە تۇت.تاھىرنى 25- سىنتەبىر ئەتتىگەندە جامائەت ئالدىغا ئېلىپ چىقىپ كېسىم ئېلان قىلماقچى ھەم شۇ مەيداندىن ئېلىپ بېرىپلا جازا ئىجرا قىلماقچى، ئاڭلاۋاتامسەن ؟ ئۆلۈم جازاسى !
25- سىنتەبىردىن بۇرۇن كېلەلىسەڭ بەلكىم بىر ئادەمنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قالارسەن، 25- سىنتەبىر چۈشكىچە كېلەلمىسەڭ بىر گۇناھسىز كىشى ئۆلدى دەۋەرگىن .
باشقا سۆزۈم يوق، ئىشلىرىڭغا ئۇتۇق تىلەپ، دوستۇڭ :
مەتتۇردى .
1971- يىل 31- ئاۋغۇست»

ئابلەي ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى . بۈگۈن يەتتىنچى سىنتەبىر ئىدى . يەنە ئون سەككىز كۈنلۈك ۋاقىت ئۇنىڭ ئۈچۈن تولىمۇ ئازلىق قىلاتتى . شۇڭا دەرھال زاھىرنى ئىزلەپ كەتتى . ئەمدى قائىدىگە خىلاپ بولسىمۇ زاھىرنى مەجبۇرى تۇردە مېھمانخانىدىكى ياتىقىغا ئېلىپ كېلىپ سوراق قىلىشى ۋە ئۇنىڭ يازما ئىقرارىغا ئېرىشىشى كېرەكىدى.

***

ئۇلار زاھىرنىڭ يىڭى ماكانىنىڭ ئالدىدا ئۇچراشتى .
— زاھىر، يۈر، مەن بىلەن ماڭ ! — دېدى ئابلەي چىرايىغا سۇر بېرىپ.
زاھىر مەڭدەپ قالدى . ئۇ سومكىنى نەگە قويسامكىن دىگەندەك ئالدى كەينىگە قارىدى. — نەگە ئاپىرىسىز؟ يۇرتقىمۇ؟...
— بارغاندا بىلىسەن . تېز ماڭ!
زاھىر تاتىرىپ، لەۋلىرى دىرىلدەپ گېپىنى ئەپلەشتۈرۈلمەيدىغان ھالغا كېلىپ قالدى .

شۇنداق بولسىمۇ ئۆزىنى تېتىك تۇتۇشقا تىرىشىپ :

— باللىرىم ... —دېدى

— باللىرىڭ ھەدەڭنىڭكىدىلىكىنى بىلىمەن، مىنى ئالدىماقچىمۇ سەن؟ ئەندىشە قىلما.

— سومكىنى ئۆيگە تاشلاپ قويۇپلا چىقايمۇ؟ ئالدىرىمىسىڭىز...- دېدى ئۇ.

— ياق !مۇشۇ يەردىن ھويلىغا تاشلىۋەت !تىز ماڭ !

زاھىرنىڭ زورۇقۇپ ئۆزىنى تۇتۇپ تۇرىۋاتقان ئاخىرقى مادارى تۈگەپ، قولىدىكى سومكا يەرگە چۈشۈپ كەتتى . ئابلەي سومكىنى ئېلىپ تامدىن ئارتىلدۇرۇپ ھويلىغا تاشلىۋەتتى .

— ماڭە!

ئۇلار شۇ تەرىقە تاكى مېھمانخانىغا كەلگۈچە زۇۋان سۈرۈشمىدى . ئابلەي ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ، ئۇنىڭغا چاي قۇيدى . ئەمما سوراقنى باشلاشقا ئالدىرىمىدى .بۇنىڭ بىلەن ئۇ قارشى تەرەپنى روھى جەھەتتىن مادارسىزلاندۇرماقچى ئىدى.

زاھىر كۆڭلىدە :«نىمە بولسىمۇ مەيلىدى، بولىدىغىنى چاپسانراق بولسا.ئىھ خۇدا ئەجەپمۇ يۈرۈكۈم سىقىلدى ...» دېگەنلەرنى ئويلايتتى . قېرىشقاندەك ئابلەي تاماكىسىنى تارتىپ ئۇنىڭ قارشىسىدا ئۇنى كۆزىتىپ ئولتۇراتتى.

— چاي ئىچ،— ئۇنى تېخىمۇ پاراكەندىچىلىككە، ئىككىلىنىشكە، ئارىسالدىلىق ئازاۋىغا مۇپتىلا قىلغان بۇ سۆز ئالاھىدە مۇلايىم ئاۋازدا ئېيتىلغانىدى .باياتىن بېرى «ھەممىنى بىلىپ قالغان ئوخشايدۇ، ئەمدى قارىغاندا ماڭا ياخشى كۈن يوق، بېشىمغا كەلگەننى كۆرمەمدىم، بولغىنىچە بولار » دېگەنلەرنى ئويلاپ جېنى قاشىيىپ تۇرغان زاھىرغا مۇلايىم ئېيتىلغان بۇ سۆز بەكمۇ قاتتىق تەسىر قىلدى، ھەم ھەيرانلىقتىن گاڭگىرىتىپ قويدى .خۇددى قىززىق ئاش كەينىدىن سوغۇق سۇ چېچىشنى زىڭىلدىتىۋەتكەندەك .بۇنداق قارمۇ- قارشى ئىككى خىل مۇئامىلە ئۇنى ئېلىشتۇرىۋەتتى .شۇنى

مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولاتتىكى، بۇ سۆز يەنە ئەينى ۋاقتتا ئازاپ ئىچىدە تۇرغان كىشى ھېسداشلىقتا ئىرىشكەندەك بىرخىل تۇيغۇ بىلەن زاھىرنىڭ كۆڭلىنى پەپىلەپ ئۆتتى . ئۇ قانداقلا بولمىسۇن ساقچىلارمۇ ئادەم بولغاچقا ئۇلاردىمۇ ئىچ ئاغرىتىش تۇيغۇسى بولىدۇ، مىنىڭ ئازراق بولسىمۇ ھالىمغا يىتىدۇ دېگەن ئىشەنچ پەيدا قىلدى .

زاھىر قارىمۇ ـ قارشى خىياللار ئىچىدە گاڭگىراپ كەتتى . ئىچكى كۈرەش تۇشمۇ ـ تۇشتىن تالانغاندەك ئۇنىڭ ھالىنى قويمىدى.

— زاھىر! — (زاھىر شۇنچە دېققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئولتۇرغاندەك قىلغىنى بىلەن يەنىلا قاتتىق چۆچۈپ كەتتى)،— سېنى بۇ يەرگە نىمە ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەنلىكىمنى بىلەمسەن ؟

— بۇ...نى بىل...گەندەك.....مۇ قىلىمەن.........

— خۇپسەنلىك قىلغىنىڭ يىتەر ! ـ (ئۇ يەنەبىر قېتىم چۆچۈشتىن سىلكىنىپ كەتتى )،— بىلسەڭ ئەمدى ساختىلىق قىلماي راست ئەھۋالنى ئەينەن ئېيت، بۇ سىنىڭ پوزىتسىيەڭنى سىنايدىغان ئاخىرقى پۇرسەت!

زاھىر دەسلەپ قورقۇنچتىن يىغلىۋەتكىلى، ھەم ئابلەيىنىڭ ئايىقىغا ئۆزىنى تاشلاپ تۇرۇپ ھەممىنى سۆزلەپ بەرگىلى تاس قالدى .بىراق سەل ئىككىلىنىشتىن كىيىن ئۆزىنى تۇتىۋېلىپ:« راست ھەممىنى بىلىۋالغاندىمۇ ؟ پەش قىلىپ گەپ ئېلىۋاتامدۇ يا...» دېگەنلەرنى ياندۇرمىلاپ ئويلىنىۋەردى .گويا ئۇنىڭ خىيالىدىكى سوئالنى بىلىۋالغاندەك، ئابلەي ياتاق ئىچىدە ئۇياقتىن بۇياققا ماڭغاچ مىھرىۋانلىق بىلەن گەپ باشلىدى:

— كىم بىر ئادەمنىڭ ئازاپ چىكىشىنى خالايدۇ؟ ئۆلگەنمۇ كەتتى، ئۇنىڭ ئورنىغا يەنە بىر ئادەمنى ئازاپلاش ياكى ئۆلتۈرۈش ئارقىلىق ئۇنى ساقايتىۋالغىلى بولامدۇ؟ بىز شۇنى بىلىمىز، شۇڭا قاتىل بولسىلا ئۇنى ئۆلۈمگە بۇيرۇيدىغان گەپمۇ يوق .بىراق، بىز جەمىيەت ئامانلىقىغا مەسئۇل بولغان ئىكەنمىز، جىنايەت ئۆتكۈزگەن ئادەمنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىپ بېقىشىمىز، ئۇنىڭ ئۆزگۈرىشىنى خالايدىغان - خالىمايدىغانلىقىنى چىكىپ بېقىشىمىز كېرەك .شۇنىڭ ئۈچۈن، ئادەتتە بىز جىنايەتچىنى بىلىپ

تۇرساقمۇ بىلمىگەنگە سىلىپ بىرمەزگىل «ئاغامچىنى ئۈزۈن قويۇپ
بىرىپ»ئۇنىڭ پوزىتسىيىسىنى سىناپ كۆتۈپ باقمىز .ئەگەر جىنايەتچى
ئۆزگىرىشنى خالىسائۆزىنى پاتراق مەلۇم قىلىدۇ.بىز سىياسەت بويىچە «ئىقرار
قىلغانلارغا كەڭچىلىك»قىلىمىز. بىز كۈتكەن ۋاقىت ئىچىدە ئەگەر ئۆزىنى
مەلۇم قىلمىسا، ئۇنى ئۆزىمىز تۇتىمىز .بۇ چاغدا جازا ئېغىرراق بولىدۇ،
ئەلۋەتتە...ـ ئابلەي خۇددى كىنو ئارتىسلىرىدەك بىر خىل ئاھاڭدا چوڭقۇر
ئېچىنىۋاتقاندەك سۆزلەيتتى،— مەن سىلىگە بەك ئېچىنىۋاتىمەن دەسلەپكى
قېتىم تالتىرەككە بارغىنىمىزدىلا ئاياللىرىنىڭ كىلىشكەن ئايال
ئىكەنلىكىنى كۆرۈپلا، ئىرى بىچارىگە ئۇۋال بوپتۇ دەپ ئېچىنغانىدىم، ئۇنىڭ
ئۈستىگە باللىرىڭلار بار ئىكەن ... ئايالنىڭ تىرناقلىرىدا قاتىلنى
تاتىلىۋالغاندا قالغان تىرە قاسراقلىرى ۋە قىسقا يىرىك چاچلارنىڭ بىرقانچە
تېلىنى كۆرگىنىمدە مىنىڭ ئىشەنچىم ئاشتى. قاتىلنى جەزمەن تاپالايمەن
دەپ ئويلىدىم .ئۇنى دەرھال تۇتۇپ، ئۆلگۈچىنىڭ ئىرى بولغان بىچارىنىڭ
ئۆچىنى ئېلىپ بېرىشكە ئالدىردىم .شۇنداق ئويلىدىمكى، قاتىلنىڭ يۈزىدە
مورلانغان ئىزلار— تىرناقنىڭ ئىزلىرى بار، ئۇنىڭ چېچى قارا، توم ۋە يىرىك
.كېيىن سىلى بىلەن ئۇچراشتىم، شۇچاغدا مەن سىلىنى تاسادىپى كۆرۈپ
قالدىم .سىلى مىنى كۆرمىدىلە .كۆرۈپلا چۆچۈپ كەتتىم .چۈنكى خىيالىمدا
ئاللىقاچان رەسىمى سىزىلىپ بولغان قاتىلنىڭ جىمى ئالامەتلىرىنى
سىلىدىن كۆرگەنىدىم .يۈزلىرى ۋە بويۇنلىرىدا تىرناقنىڭ ئىزلىرى، چاچلىرى
يىرىك ۋە قارا...بىراق، سىلىگە بولغان دەسلەپكى ئېچىنىشىمنى
ئۆزگەرتەلمىدىم.نىمىلا بولمىسۇن ئادەم دىگەن مۇھەببەت بىلەن نەپرەت
ئارىسىدا ياشايدىغان مەخلۇق، بەلكىم بۇ بىچارە پەۋقۇلئاددە ئاچچىقى كېلىپ،
ئۆزىنى تۇتالماي قېلىپ، قىپ سالغان ئىشتۇر. بىراق، بۇنىڭ بىلەنلا ئۇنىڭ
دەردى يەڭگىللەپ قالمايدىغۇ، دېگەنلەرنى ئويلىدىم.شۇنداق ئەمەسمۇ؟
مەيلى كىم تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلسە ئۆلتۈرۈلسۇن، ئايال سىلىنىڭ، زىيان
سىلىگە، كېلىدىغان، ئەلەم سىلىگە، شۇنداققۇ؟ ئۇنداقكەن، سىز يەنىلا
دەردمەن - دە! بۇلارنى ئويلاپ، سىلىگە كىلىدىغان جازانى قانداق قىلغاندا

يىنىكلەتكىلى بولىدۇ، دېگەنلەرنى ئويلىدىم . ھەم سىلىگە ئۆزىنى مەلۇم قىلىش پۇرسىتى بېرىش ئارقىلىق جازانى يىنىكلىتىشنى ئويلىدىم . كېيىن بىز سىلىنىڭ شۇ قەدەر ئاچچىقلىرىنى كەلتۇرگەن ئىشنى ئېنىقلاپ چىقتۇق.بۇنداق ئەھۋالدا قانداق ئەرنىڭ غەزىۋى كەلمىسۇن ؟سىلىنىڭ ئورۇنلىرىدا مەن بولغان بولسامۇ ئىھتىمال ئۆزەمنى تۇتۇپ تۇرالمايتتىم ...شۇنداق قىلىپ بىز سىلىنىڭ رەقىپلىرىنى قولغا ئالدۇق . ئۇ قاتىل ئەمەس ئىدى .بىز بۇنى بىلەتتۇق.لىكىن ئۇ ھېلىقى گۇناھى ئۈچۈن قاتتىق جازاغا لايىق ئىدى سىلى قىلىپ سالغان ئىشىنىڭمۇ سەۋەبچىسى شۇ ـ دە! بىراق، ئۇنىمۇ ئېنىقلاش ئارقىلىق، ئەسلىدە ئۇنىڭ ئۈستىدىكى گۇماننىڭ ئاساسى يوقلىقىنىمۇ بىلدۇق. ئۇ سىلىگە خېلى سادىق دوستكەن. — ئابلەي زاھىرنىڭ تاھىرغا بولغان ئۆچمەنلىكىنى بىرئاز بولسىمۇ پەسەيتىشكە ئۇرۇنۋاتاتتى، — ئەمما ئەسلى چاتاق باشقا ئادەم بىلەن ئىكەن! سىلى ئۇنىڭدىنمۇ گۇمانلىنىدىغان تۇرۇقلۇق، نېمىشكە ئاغىنىلىرىنى ئوتقا تىقماقچى بولدىلىكىن؟ — ئابلەي بىر ھازا سۈكۈت قىلىپ، ئۇنى كۈزەتتى. زاھىر ھەقىقەتەنمۇ ئىككىلىنىپ قالغاندەك بولدى، — سىلىنىڭ پوزىتسىيىلىرىنى كۈتتۇق ...يۇقۇرىدىكىلەر مىنى ئالدىراتتى .مەن ئۇلارغا يەنە ئازراق كۈتەيلى دېدىم ... شۇنداق قىلىپ كېيىن سىلىنى كۆڭلىدىكىنى ئېيتىپ قالار دەپ يېزىغا بارسام نەدىكىنى سىلى ئاللىقاچان يېزىدىن قېچىپ كىتىپلا .يەنىلا سىلىگە چىدىمىدىم .شۇڭا ئاخىرقى پۇرسەتنى يارىتىپ بىرەي دەپ بۇ يەرگە كەلدىم.ئەسلىرىدە باردۇر ؟لېكىن سىلىگە سىلىنىڭ شۇ چاغدا «شەھەرگە بارىمەن » دەپ سازلىقتىن ئۆتۈپلا قايتىپ كەلگەنلىرىنى، تۈگمەنگە كىلىپ ئىشەكلىرىنى تۈگمەنگە قويۇپ، ئۆيگە غىپپىدە يۇشۇرۇنۇۋالغانلىرىنى ئېيتىپ قويۇشىنىڭ ئورنى بولمىدى . يېرىم ئاينىڭ ئالدىدا بىر قېتىم كەلگىنىم ئەسلىرىدە باردۇر؟— ئابلەي بۇ سۆزلەرنى شۇنچىلىك ھېسىيات بىلەن ئېيتتىكى، ئۇنى ھەقىقەتەنمۇ ھېسداشلىق قىلمايۋاتىدۇ دېمەسلىككە ھېچكىم پېتىنالمايتتى.ئۇ زاھىرغا كۆزىنىڭ قۇيرىقىدا قاراپ قويۇپ، ئاۋازىنى قاتتىق - قاتتىق چىقىرىپ داۋام قىلدى،—

لېكىن سەن شۇ چاغدا بولسىمۇ ئىقرار قىلىۋەتمىدىڭ !ھۆكۈمەتنى ئەخمەق دەپ ئويلامسەن ؟ساڭا ئوخشاش سولتەك دېھقانىنىڭ ھەر بىرى ھۆكۈمەت ساقچىلىرىنى كولدۇرلىتالايدىغان بولسا قانداقمۇ ھۆكۈمەت بولۇپ تۇرالىسۇن؟
— ئابلەي ئەمدى زەينەپخان موماي سۆزلەپ بەرگەنگە ئاساسەن ئۆزى رەتكە تۇرغۇزۇپ چىققان زاھىرنىڭ شۇ كېچىلىك ھەركەتلىرىدىن ئاندا- مۇندا تىلغا ئېلىپ، ئۇنىڭغا ھەممە ئىشنىڭ ھۆكۈمەتكە مەلۇم ئىكەنلىكىدىن بىشارەت بەردى،— تاھىر ئۆيدىن قېچىپ چىققاندىن كېيىن، دەرۋازىنىڭ ئۇچۇق قالغانلىقىنى كۆرگەنمىدىڭ ؟كېيىن كىمدۇر بىرسى يېپىپ قويغانلىقىنىمۇ ھېس قىلغان بولغىدىڭ؟

«يا، ھەزرەت!يەرنىڭ ئاستىدا يىلان كۆشىگەنىنىمۇ بىلىدىكەندە بۇ خەق!»دەپ ئويلىدى زاھىر كۆزىنى چەكچەيتىپ.

— شۇنداق، شۇكۈنى بىر كىشى سىنىڭ جىمى ھەركىتىڭنى كۆزىتىپ تۇرغان.يەنە تېخى ھېچ ئىش بىلمەيدىغاندەك بىخارامان يۈرىسەن ...ئىسىت، ساڭا ئىشەنگىنىم !...

— كىم ماراپ تۇرۇپتىكەن؟تايىنلىق ھېلىقى دادۇيجاڭ دېگەن خوتۇنى تالاقتۇ...

— بۇنى سەن سورىمىساڭمۇ بولىدۇ. ماراپ تۇرغان ئادەم بارلىقىغا ئىشەنگەنسەن؟

— ھەئە...

— ئۆزەڭمۇ بەغەرەز نەرسىكەنسەن، كۈتكەن يېرىمدىن چىقالمىدىڭ! مەن ئەسلىدە سىنى قولغا ئېلىپ، قولۇڭغا كويزا سېلىپ ھەيدەپ مېڭىشنى زادىلا خالىمايتتىم بىراق، ئۇزەڭنى سورىمىدىڭ ـ دە!

ـ ئەمدى مېنى قولغا ئېلىپ، يۇرتقائەكىتەمسىز؟!ـ زاھىر چۆچۈپ كەتتى،— مۇشۇ يەردىلا ئۆيگە بىر بېرىپ باللىرىمنى كۆرىۋېلىشىمغىمۇ ئۇنىمامسىز؟

— نىمە ئامال ؟ئۆزەڭ دەپ باقە، شۇنداق قىلماي نىمە ئامال؟

— مەن بىلمەپتىكەنمەن ...قىڭغىدا تىنىپ قويىسىڭىزچۇ، ھېچ

بولمىسا...

ئابلەي بېشىنى چايقىدى.

— ئۇ چاغدا سەن يەنىلاقايىل بولمايتتىڭ، ئەسلى ئىچىڭدىن قايناپ چىقمىغاندىكىن .

ــ ئابلەي ئۇنىڭ قورسىقىدىكىنى تۆكۈشكە ئازلا قالغىنىنى پەملەپ داۋام قىلدى،—ئەمما مەن بىلىمەن، سەن كېيىن پۇشايمان قىلدىڭ .چۈنكى شېرىنىنىسا دېگەن پۈتۈن تالتىرەكنىڭ كۆزى ئىدى...قانداقلا بولمىسۇن، سىنىڭ نەچچە يىلنى بىللە ئۆتكۈزگەن ياستۇقدېشىڭ ـ دە.

— راست!مەن بەك پۇشايمان قىلدىم، پەيلى- شەيتاننىڭ ئىشى! شەيتان بويۇنغا مىنگەندە ئادەم ھېچنىمىنى بىلمەي قالىدىكەن ئەمەسمۇ ...

— ئەنە خالاس !شۇڭلاشقىمۇ ساڭا يەنىلا ئىچىم ئاغرىيدۇ ـ دە .

— گەپ قىلىڭە،...ئەمدى مەن نىمە قىلاي؟مېنى قانداق قىلىسىز؟ ئېلىپ كېتەمسىز؟ مىنى ئاتمايدىغاندۇ ؟...

— توختا، مەن ساڭا بىر يول كۆرسىتەي،— دېدى ئابلەي،— خەت بىلەسەنغۇ؟

— بىلىمەن .

— ناھايىتى ياخشى بولدى .ئەمسە سەن بارلىق ئەھۋالنى يازغىن .مەن ئىدارىدىكىلەرگە «زاھىر بۇنى يېزىپ تەييارلاپ قويغانىكەن .بەلكىم ئەۋەتەيمۇ — ئەۋەتمەيمۇ دەپ ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالغان بولسا كېرەك، مېنى كۆرۈپلا بۇنى ماڭا تاپشۇردى، سوراق قىلىشقىمۇ توغرا كەلمىدى، دەي، پوزىتسىيىسى ئۆزگىرىپ ياخشىلانغان بۇنداق كىشىگە كەڭچىلىك قىلىش كېرەك »دەپ چىڭ تۇرۇپ باقاي، قانداق دەيسەن ؟

— شۇنداق قىلساق راستىنلا مەن كەڭچىلىككە ئېرىشەرلەمەنمۇ ؟— زاھىر سۆھبەتدېشىنىڭ ساقچى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك، يېقىن دوستى بىلەن مەسلەھەتلىشىۋاتقاندەك ھېسياتقا كېلىپ قالغانىدى.

— بولۇپ قالار .بۇنى مەن قالملاشتۇرۇپ باقاي .

— بولىدۇ يازاي . خۇدايىم دېگىنىڭىزدەك بولار.

ئابلەي ئۇنىڭغا قەغەز بەردى . ئىقرارنامىنى يازغۇچە ياتاقتا توختىماي ئۇياق ـ بۇياقلارغا مېڭىپلا تۇردى .

ئابلەي ئۇچۇن زاھىرنىڭ تەپسىلى يېزىشىنىڭ كېرىكىمۇ قالمىغانىدى .مۇھىمى ئۇ قاتىل ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلسىلا بولاتتى . زاھىر پات- پات يېزىشتىن توختاپ ئۆزى ئەڭ مۇھىم دەپ قارىغان نوقتىلاردىن باشلاپ سۆزلەپ كېتەتتى . ئابلەي ئىلگىرى خىيالىدا قوراشتۇرۇپ چىققان «زاھىرنىڭ ھەركەت تەرتىۋى » زاھىرنىڭ سۆزلىرى بىلەن دەلىلللەنمەكتە ئىدى .

— ئۆزىڭىزگە مەلۇم، كۆندەشلىكنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان ئازاپ بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن خوتۇننى قورقۇتتۇم :«بوغۇزلايمەن، قانجۇق، تاھىردىن ئالەقەڭنى ئۈز!».«بىزنىڭ ئارىمىزدا ھېچ ئىش بولغىنى يوق،— دېدى ئۇ،— ئۇ دېگەن بۇرۇنقى ئىشلار. ئۇنى سىلىمۇ بىلىلا ».«ئىشقىلىپ خەقنىڭ زۇۋانى ئۆچسۇن، ئۇنىمۇ ئىسىدىن چىقمىغۇدەك چۆچۈتۈپ قويۇش كېرەك! ئۇختۇڭمۇ؟» «نىمە قىلاي دەيلا ؟»«بودو ئۇ بۇ ئۆيگە يولاپ قالغۇدەك بولسا سەن ئۇنى ئەيپناق قىلىپ چىقار .ساق چىقمىسۇن !» «مەن؟ خوتۇن كىشى، ئەر كىشىنى نىمە قىلالايمەن؟ ئۇمۇغۇ بۇئۆيگە چىرمەيدۇ...» «زۇۋانىڭنى ئۆچەر قۇرۇق گېپىڭنى قوي، ئىشقىلىپ بىر ھىلە ئىشلىتىپ دېگىنىمدەك قىل بىر يىرىنى چىشلەپ ئۈزۈۋالسەن- دە! ئۇنىڭغا ئاچچىق ساۋاق بولۇپ، ئىككىنچى كوچىدا يۈرمەيدىغان بولسۇن. ئۇنىڭ ھالىنى كۆرسە باشقا كوسۇكلارمۇ كۆتىنى غىت قىسار . توختا، راست ئەڭ ياخشىسى تىلىنى ئۈزىۋالساڭ ئىدى، ئۇنىڭ ناخشا ئېيتقىنىنىمۇ قولاق ئىشتمىسە...»، «تىلىنى؟» دېدى شىرىنىسا قورقۇپ «مەن دېگەننى قىل !بولمىسا ئۇنىمۇ، سىنىمۇ، ئۆزەمنىمۇ ئۆلتۈرىمەن . باللىرىڭغا ئىچىڭ ئاغرىسا دېگىنىمدەك قىل . شۇنىڭ بىلەنلا ھەممە ئىشنى سالىۋات قىلىپ خاتىرجەم ياشايلى، ئۇ بولسا نۇمۇس كۈچىدىن ھېچ كىشىگە تىنالمايدۇ.» «تىلىنى ؟— شىرىنىسا تاتىرىپ كەتتى،— تىلىنى قانداق ...؟» «بولمىسا بىر نەرسە بىلەن تۈيۈقسىزلا ئۇرۇپ بىر كۆزىنى قۇيىۋەتسەڭمۇ بولىدۇ.لېكىن ئەڭ ياخشىسى ئۇنىڭ زۇۋانى ئۆچسە . تازا خوپ بولاتتى» شۇنداق قىلىپ شىرىنىسانى

مەجبۇر قىلدىم . گېپىدىن يېنىۋالماسلىقى ئۈچۈن قەسەم ئىچكۈزدۈم . ئۇ چاغدا مەن پەقەت تاھىرنى شۇنداقراق چۆچۈتۈپ قويسام، شۇندىن كېيىن ھەممە گەپ سۆز تىنجىسا خاتىرجەم كۈنىمىزنى ئېلىپ كېتىۋېرىمىز دەپ ئويلىغانىدىن. شىرىنىنىساغا كۆڭلۈم بار ئىدى . ئۇنى بىرنىمە قىلامەن دەپ خىيالىمغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان،— زاھىر گويا جىنايىتىنى يەڭگىللىتىشكە پايدىسى بولىدىغانىدەك بىردەم يازغاندىن كېيىن يەنە توختاپ سۆزلەشكە باشلىدى،— دېگىنىڭىزدەك تاھىرغا ئەتەي بىلىندۈرۈپ «شەگە كەتكەن »بولدۇم. ئەمەلىيەتتە بولسا سازلىقنىڭ ئۇ يېقىغا ئۆتۈپلا مۆكۈنۈپ تۇرۇپ، قاش قارايغاندا ئىشەكنى تۇگمەنچىگە تاپىلاپ قويدۇم - دە غىپپىدە ئۆيگە كىلىپ تونۇرغا كىرىۋالدىم .چۈنكى ئەگەر مەن راستىنلا شەھەرگە كېتىپ قالسام ئۇ ۋەدىسىنى ئورۇندىمايلا قالماي، تاھىر بىلەن ئىش ئۆتكۈزۈپ قالارمىكىن دەپ ئەنسىرەيتتىم . شىرىنىنىسا ئەگەر ۋەدىسىنى ئورۇندىمىسا ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى . شەپلەرگە قولاق سېلىپ ياتاتتىم، تاھىر كەلدى . ئۇ ئۆيگە كىرىپ كەتكەندە مېڭەم ئېلىشىپ ساراڭ بولۇپ قالايلا دېدىم. شۇنچىلىك كۆندەشلىكىم كەلدىكى «نىمىشقا ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتمەيمەن ؟مەن قانداق ئوغۇل بالا بولدۇم؟...»دېگەنلەرنى ئويلىدىم . پىچىقىمنىڭ دەستىسىنى پات - پات تۇتۇپ قالاتتىم، لېكىن بىر قارارغا كېلەلمەيتتىم .قاتىل بولۇشۇمنى، تۇتقۇن بولۇپ ياتسام ياكى ماڭىمۇ ئۆلۈم نىۋۋىتى كەلسە شىرىنىنىسانىڭ مەنىسىز مۇشۇ دۇنيادا قېلىشىنى ئويلىغىنىمدا ھېچبىر ئاساسسىزلا كۆندەشلىكىم تۇتۇپ، ئاشۇ مەن يوق چاغلاردىكى ئاللا كىملەردىن ئۇنى قىزغىناتتىم . باللىرىمنى ئويلايتتىم ...«چىدىغىن زاھىر، ئۇنى ئەيىپناق قىلىپ چىقىرىۋەتكەندىن ئاقىل چارە يوق . پەقەت شۇنىڭدىلا ھەم جازاغا ئۇچرىمايسەن ھەم تۇرمۇشۇڭمۇ خاتىرجەملىككە ئېرىشىدۇ ...» دەپ ئويلايتتىم ئارقىدىن.

— مەن تاھىرنى ئۆلتۈرۈش ھەققىدە بىر قارارغا كېلىپ بولغۇچىلا، ئۆيدىن ئەنسىز ۋاقىراش ئاڭلاندى ھەم ئارقىدىنلا ئىشىك جالاقلاپ ئېچىلىپ بىرسىنىڭ گۈرسۈلدەپ ماڭغىنى ئاڭلاندى . مەن تونۇر بېشىدىكى كۆتىچەك

①لەرنىڭ دالدىسىدا ئاستا بېشىمنى چىقىرىپ، چىقىپ كىتىۋاتقۇچىنىڭ تاھىر ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئۇ ئاغزىنى چاڭگاللىۋېلىپ ئېڭىشكىنىچە كېتىۋاتاتتى .

شۇندىلا مەن تۇنۇردىن چىقىپ ئۆيگە كىردىم . شىرىنىنىسا سۇپىدا ھۇشسىز ياتاتتى . ئۇنىڭ ئاغزى قان يۇقى، چىرايى تاتىرىپ كېتىپتۇ. .چاپىنىنىڭ ئالدى يىرتىۋېتىلگەن بولۇپ، كۆينىكىنىڭ ياقىسىمۇ ئېچىلىپ تۇراتتى . شۇ ئان كۆز ئالدىمغا تاھىر بىلەن ئىككىسىنىڭ قانداق سۆيۈشكىنى، قۇچاقلاشقىنى، تاھىرنىڭ ئۇنىڭ تۈگمىلىرىنى يېشىپ كۆكسىنى مىجىقلاپ ئوينىغانلىرى كەلدى. بۇ شۇنداق غەزەپ تۇغدۇردىكى، ھېچكىمنى ئەپۇ قىلغۇم كەلمىدى.شۇنداق بىرخىل ۋەھشىلىك كۆڭلۇمدە تۇغ كۆتەردىكى، ئۇچاغدا مىنى ھېچنىمە توسۇپ قالالمايتتى . مۇشۇ كۆكسىنى يىرىم - ياتا ئېچىپ، دالىيىپ ياتقان مەخلۇقنى خوتۇنۇم دەپ ئويلىسام، كەلگۈسىدە يەنە مۇشۇنىڭ بىلەن بىر ئۆيدە بىللە ياشايدىغانلىقىمنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرسەم تېنىم شۈركۈنۈپ، كۆڭلۇمدە پەيدا بولغان شەكنى — نومۇس دېگىنى يۇيۇپ تازىلىۋېتىشنىڭ مۇمكىنلىكىگە كۆز يەتكۈزەلمەي قالدىم ...«ۋۇ، ئىپلاس جالاپ !سىنىڭ ئاشۇ لەۋلىرىڭنى مەن ئەڭ قىممەتلىك (لەئىلى- ياقۇتتەك كۆرىمەن، رۇخسىتىڭسىز يېقىنلىشالمايمەن، ئۆزەڭمۇ ماڭا كەلگەندە شۇنچە بىخىللىق قىلىسەن ؛بىراق يات بىر ئەركەككە سېخىلىق بىلەن تۇتۇپ بىرىپسەنغۇ؟ باللىرىڭغا سۈت بىرىدىغان نەرسەڭنى خەق مىجىقلاپ ئوينىسا خىجىللىق ھېس قىلمىغانسەنمۇ ؟...»ئويلىغانسىرى ئوت بولۇپ ياندىم. ئويلىغانسىرى كوچىدىكى گەپ ـ چۆچەكلەرنىڭ راستلىقىغا ئىشەندىم . ئىلگىرى مەن ئۆز- ئۆزەمنى بۇنداق گەپلەرگە ئىشەنمەسلىككە مەجبۇرلاپ كەلگەنىدىم. چۈنكى بۇنىڭغا ئىشەنگەندىن كىيىن بىزدە يەنە ئەر- خوتۇنلۇق مۇناسىۋەت داۋام قىلمايتتى- دە ! شۇنىڭ بىلەن مىنى جىمى دەرد- ئەلەمگە قويىۋاتقان بۇ خوتۇندىن بىراقلا قۇتۇلۇش نىيىتى پەيدا بولدى . پەگادا ئازراق قان يۇقى بىلەن تۇرغان نەرسىنى قولۇمغا ئېلىپ، ئۇنىڭ راستىنلا ئۇزۇۋېلىنغان تىل

ئۇچى ئىكەنلىكىگە ئىشەنگىنىمدە دەرھال كۆڭلۈمگە بىر شۇم ئەقىل كەلدى. «توختا، ھازىر ئۇ ھوشىدىن كېتىپتۇ، مەن بۇگۇن شەھەرگە كەتكەن دېمەك، بۇنى تاھىرغا ئارتىپ تۇرۇپ بىر نىمە قىلغىلى بولغۇدەككۇ ...»دېگەنلەرنى ئويلاپ، دەرۋازىنى زەنجىرلەپ قويغاندىن كېيىن قول سالماقچى بولۇپ، ئاۋال دەرۋازىنى تاقاپ قويۇپ كىردىم .

مۇشۇ پۇرسەتتىلا ئىرادەم زور دەرىجىدە بوشاپ قاپتۇ .«قويغىنا، قاتىل بولۇپ نىمە قىلىسەن، نىمىلا بولمىسۇن ئىككى بالاڭنىڭ ئانىسى، ئۆزىمۇ خوتۇنۇڭ بارمۇ دېسە بار دېگىچۈلىكى بار خوتۇن. ئۆتكەن ئىش ئۆتتى. ھەممىگە سالىۋات. ئىنشائاللا تاھىرمۇ ئەمدى ھورىغا جىمىپ قالار. تىنچ خاتىرجەم ياشىمامسەن !» مەن شىرىنىنىساغا قارىدىم: تاتىرىپ كەتكەن ئاق يۇزى، قان ئېقىپ قالغان ئاغزى، كۆكسىنىڭ ئېچىلىپ تۇرىشى، بويىنىنىڭ زىلۋا ئوماقلىقى ...ئۇنىڭغا سىڭىپ قالغان قاڭسىق تاماكا ھىدى...«ياق، ياق، بۇ جىنايەتنى تاھىرغا ئارتىپ قويغىلى بولىدىغان ياخشى پۇرسەت، ‹ئۇگەنگەن كۆڭۈل ئۇجمە پىشقىچە ›دەپ، تالاغا ئۇگەنگەن بۇ جالاپ بەرىبىر ئادەم بولماي يۇرىكىڭنى يەيدۇ. ئۇندىن كۆرە ئوغۇل بالىدەك بولغىن ـ دە...»

شۇنىڭ بىلەن يەنە بىر قېتىم قېنىم قىزىپ، تىلىنىڭ ئۇچىنى ئۇنىڭ ئاغزىغا تىقىشقا ئۇرۇنۇپ، كالپۇكلىرىنى يىرىدىم ۋە يەنە بىر قولۇمدا قوۋزىنى قاتتىق مىجىدىم (ھازىر ئويلىسام شۇ چاغدىكى ۋەھشىلىكىمگە ھەيران قالىمەن ). شۇ چاغدا ئۇ چۆچۈپلا ھۇشىغا كەلدى ھەم مىنىڭ كۆزلىرىمدىن مەخسىدىمنى بىلىۋالغاندەك بولسا كېرەك قارشىلىق قىلىشقا باشلىدى ...

شىرىنىنىساننىڭ نەپسى توختىغان ھامانلا ئەندىكىپ كەتتىم . راست سۆزۈم يولداش، چىن سۆزۈم! چۆچۈپ كەتتىم! قىلىپ سالغان ئىشىم ئويۇن ئەمەس، چۈشمۇ ئەمەس، راست ئىش ئىكەنلىكىنى ئويلىساملا سۇر بېسىپ كېتەتتى . شۇ مىنۇتتىن باشلاپلا پۇشايمان يۇرىكىمنى تاتىلاشقا باشلىدى . ئۇنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇشتىن قورقتۇم . ئۇ ھېلىلا تىرىلىپ قالىدىغاندەك ۋە شالاققىدە يۇزۇمگەتۆكۈرىدىغاندەك تۇيۇلاتتى . ئۇنىڭغا شۇنداق مۇھەببىتىم قوزغىلاتتى، ئۇزۇن يىللاردىن كېيىن كۆرىشۋاتقان ئاشىقلاردەك ئۇنى

باغرىمغا باسقۇم كىرلەتتى . ئەمما ئۇ سوغۇق مۇردىغا ئايلىنىپ قالغان بولۇپ، ئۇنىڭدا كۆڭۈلگە خوپ چۈشكىدەك ھەركەت، سۆز، ھەتتا سەل - پەل مىدىرلاشمۇ بولىشى مۇمكىن ئەمەستى.ئىچكىركى ئۆيدە بالىلىرىم ئۇخلاۋاتاتتى . ئۇلارنىڭ قىيشىقىمۇ كىرەلمەيتتىم . چۈنكى، مەن قاتىللىقىمنى بالىلىرىممۇ بىلىدىغاندەك، مىنى ئەيىپلەپ تالاغا قوغلاۋاتقاندەك بولۇپ ھويلىغا چىقىپ كەتتىم . ھەم باش توخۇغىچە تاماكا چىكىپ ئولتۇردۇم.كۆك ئاسماندا يۇلتۇزلارنىڭ جىمىرلاشلىرىمۇ بىر قىسمىلا ئىدى.ئۇنىڭدىنمۇ بىر خىل ئۇنسىز ئەيىبلەش بار ئىدى . كىچىنىڭ سالقىنلىرىدا ۋە بۇ سالقىندا بىلىنەر- بىلىنمەس ئىغاڭلاپ قويىدىغان دەرەخلەردىمۇ شۇنداقلا نارازىلىق باردەك ئىدى . مەن جەسەتنى تاشلىۋىتىپ ئاندىن قۇتۇلىسام ماڭا ئاراملىق يوقتەك ئويلاپ، مۇشۇ ئارلىقتا ئۆزەم چالا ئۇيقۇلۇق، چۈش دىسە چۈشكە، خىيال دىسە خىيالغا ئوخشىمايدىغان ئاجايىپ دەھشەتلىك كۆرۈنۈشلەردىن چۆچۈپ، يۈرۈكۈم چىقىپ كەتكىدەكلا بولدى. بۇ بەلكىم قارا باسقىنىدۇ ياكى نەس باسقاننىڭ سىگنالىدۇر.

ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۆيگە كىردىم ۋە شىرىننىسانى ھۆشنەمگە ئارتتىم . خۇدايا تىوۋا، چاشقانچىلىك جىنى بار، بۇ نازۇك خوتۇن شۇنچىلىك ئېغىرلىشىپ كېتىپتۇكى، ئۆيدىن دەرۋازىغا بارغىچىلا تىنىم ساڭگىلاپ كەتتى. بەلكىم قورقۇپ تۇرىۋاتقىنىم ئۈچۈن شۇنداق تۇيۇلغاندۇر...دەل شۇ قورقۇنچ ماڭا كۈچ بىرىپ، مىنىڭ تەسلىكتە ھىلىقى دوقمۇشقا ئاپىرىپ تاشلىدىم.بۇ يەر بىزنىڭ ئۆيگە قارىغاندا تاھىرنىڭ ئۆيىگە يىقىنراق ئىدى.

ئەمدى سەل خاتىرجەم بولغاندەك بولدۇم ...بىراق ھويلىغا قايتىپ كىرگىنىمدە ئۆيگە زادىلا كىرگۈم كەلمىدى.ئۇ يەردە مىنى ئەزراھىل كۈتىۋاتقاندەكلا تۇرغاندەكلا . تالاغا چىقسام ھەربىر ئادەم مىنى تۇتقىلى كېلىۋاتقاندەكلا تۇيۇلدى. مۇشۇنداق خىيال ئاخىرغىچە كاللامدىن چىقمىدى.ئۆيگە كىرىشكە بەكمۇ يۈرەكسىز بولۇپ كەتتىم، شۇڭلاشقىمۇ شۇ ئۆيدىن بىشمىنى ئېلىپ چىقىپ كىتىشنى ئەۋزەل كۆرگەنىدىم...

— ھېكايەڭنى يەنە بىر نۆۋەتتە ئاڭلارمىز،— دىدى ئابلەي ئۇنىڭ

ئىقرارنامىسىنى قولىغا ئېلىشقا ئالدىراپ،— مەن ئالدىرمايمەن.ئاۋال دېگەنلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى يېزىپ بەرگىن.

زاھىر ئالدىراپ يېزىشقا كىرىشتى.

نىھايەت ئۇ ئىقرار نامىسىنى يېزىپ بولۇپ ئابلەيگە تاپشۇرغاندىن كېيىن، ئابلەي ئۇنى كونۋرتقا سېلىپ سومكىسىغا جايلاشتۇرۇپ دېدى:

— مەن ھەقىقەتەنمۇ ئالدىرايمەن، شۇڭا ھازىرچە سىنى مۇشۇ يەردىكى ساقچىغا تاپشۇرۇپ بېرىمەن، مەن قايتىپ بېرىپ ئەھۋالنى ئىنكاس قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن يەنە كۆرۈشۈپ قالارمىز. سەن بۇيەردە ۋاقىتلىق تۇرۇپ تۇرىسەن .

زاھىر رەۋقى بىلەن ھېكايە سۆزلەۋاتقاندا ئاغىنىسى بىلەن بىللە تۇرغانده‌ك تۇيغۇدا بولۇپ قالغاچقا، بۇ گەپ ئۇنى بىر ئاز مەڭدىتىپ قويدى. بىراق ئۇ قارشىلىق قىلماستىن ئابلەيىنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ ماڭدى.

# توققىزىنچى باب. قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىسىدا

ئابلەي زاھىرنى شۇ يەرلىك ج خ ئورنىغا (شۇنداق دېيىش مۇمكىن بولسا .چۈنكى ئۇ كەملەردە قانۇن ئورۇنلىرى پالەچ بولۇپ قالغانىدى) تاپشۇرۇپ، ئەھۋالنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ قويغاندىن كېيىن كېتىش تەييارلىقىغا كىرىشتى.

قاتناش تولىمۇ قىس ئىدى، نۆۋەتچى ئاپتوبۇسلار يوق ئىدى. يولۇچى ئۆزى ماشىنا تېپىپ مېڭىشى كېرەك ئىدى. ج خ ئىدارىسى ئۇنىڭ ئالدىراشلىقىنى بىلسىمۇ ئامال قىلالمىدى. چۈنكى ئۇلانىڭ ماشىنىسى چوڭ پىپەن تەشۋىقات ماشىنىسى قىلىپ ئىشلىتىلىۋاتقاچقا، ھېچ بولمىسا قارمايغىچە بولسىمۇ ئاپىرىپ قويالمىدى. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچىگە بارىدىغان ماشىنا تاپماق تەس ئىدى . ئۇ بىر كۈن يول بويىدا ماشىنا توسقان بولسىمۇ، كۈتكىنى بىكار بولدى قارمايدىن ئۈرۈمچىگە قاتناپ تۇرىدىغان ماشىنىلار كۆپ ئىدى. شۇڭا ئەتىسى ماشىنا كۈتۈپ ئولتۇرماي قارمايغا قاراپ پىيادە يۈرۈپ كەتتى. ئۇ ھەم يول يۈرۈپ ھەم ئارقا تەرەپتىن كەلگەن ماشىنىلارنى توسۇپ بېقىپ، توختىمىسا داۋاملىق مېڭىۋەرمەكچى ئىدى. بۇنداق قىلغاندا ۋاقىتتىن ئۇتقىلى بولاتتى.

ئۇ سائىتىگە بەش كىلومېتىرلىق سۈرئەت بىلەن ماڭسا بۇ يولنى ئىككى سوتكىدا مېڭىپ بولاتتى .

ئابلەي ھېرىپ ھالىدىن كەتكەندە ئارقاتەرەپتىن ماشىنا كېلەمدىكىن دەپ تەلمۈرۈپ قارايتتى. لېكىن قېرىشقاندەك ھاياتبەخش ماشىنا ئاۋازى ئاڭلانمايتتى . پۈتۈن سەپەر جەريانىدا ئۈچ - تۆت ماشىنا ئۆتكەن بولسىمۇ

لىكىن ھېچقايسىسى توختىمىدى.جۈڭغار دالاسىنىڭ شامىلى ئۇنىڭغا ھەمرا بولدى...

نىھايەت ئۇرۇمچىگە كەلگەندە 15- سىنتەبىر باشلانغان بولۇپ، ئۇنى قورقىتىۋاتقان ئەجەللىك ۋاقىتقا ئون كۈنلا قالغان ئىدى. ئۇ ئىلاج قىلىپ بىرنەچچە كۈن بۇرۇنراق بېرىشنى ئويلايتتى. لېكىن ھەممە كالون، ئاپتوموبىل شىركەتلىرىگە قاتراشلىرى بىكار كەتتى . جەنۇپقا كېتىدىغان ماشىنا تېپىلمايتتى . مۇشۇ يوسۇن ئاردىن تۆت كۈن ئۆتۈپ كەتتى . ئۇنىڭ ئاشلىق بىلەتلىرى تۈگەپ كەتتى ۋاھالەنكى، ئاشلىق بىلىتىسىز تاماق تاپقىلى بولمايتتى. بىلەت تىجارەتچىلىرى ئۇنىڭ ساقچى فورمىسىدىن قورقۇپ بىلەت سېتىپ بەرمەيتتى.بىلەتسىز نان ساتىدىغان ناۋايلار بولسا ناھايىتى كەم تېپىلاتتى .ئۇ يېرىم ئاچ، يېرىم توق يۈرۈپ كۈنلەرنى ئۆتكۈزمەكتە ئىدى .ئۇ تولىمۇ ئالدىراپ تۇرغاچقا جىددىلىشىپ، تاماق يېيىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالاتتى. بەشىنچى كۈنى ئۇ ئاخىرى جەنۇبقا كېتىدىغان بىر يۈك ئاپتوموبىلى بىلەن ئۇچراشتى. بىراق شوپۇر ئۇنىڭ ساقچى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدىن بىرنىمە ئۇندۇرۇۋالغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئېلىۋېلىشقا ئۇنىمىدى. ئىلاجىسىز قالغان ئابلەي يېنىدا قالغان پۇلنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى. بۇ ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىمقى قىرىق يەتتە كوي پۇلى ئىدى. ئۇبۇ ئاخىرقى پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويالمايتتى .ئۇ ھاياتىدا تۇنجى قېتىم باشقىلارغا ئەڭ بىچارىلىك بىلەن يالۋۇرماقتىدى خۇشامەت قىلماقتىدى.

ئاخىرى شوپۇر ئۇنى ئېلىۋېلىشقا ماقۇل بولدى. ئىنشائاللا، ئۇلار سەپەرگە ئاتلاندى. ئابلەي ماشىنىنىڭ بۇزۇلۇپ قالماسلىقىنى تىلەپ، ئۆزىنىڭ سەپەر ئۈستىدە نىمە يەپ ئىچىشىنىمۇ ئويلاپ قويمىدى. چۈنكى ئۇنىڭ يېنىدا بىر تىيىنمۇ قالمىغانىدى. ئەگەر ماشىنا بۇزۇلماي ماڭسا تۆت كۈندە بارغىلى بولاتتى. بۇ دېمەك، بىر كۈن بۇرۇن بېرىش دېگەن سۆز ئىدى.

بىرىنچى قېتىملىق كېچىنى ئۆتكۈزىدىغان يەرگە كەلگەندە ئابلەي ماشىنىدىن چۈشمەي ئولتۇرىۋەردى .

— يۇرسىلە، مۇشۇ يەردە ياتىمىز، ياتاق ئىلىۋالمىساق بولمايدۇ،— دېدى شوپۇر

— مەن ماشىنىنى ساقلاپ كابىنكىدا ياتاي، ئۇشتام، ماقۇل دېسىلە،— دەپ ئۇنىمىدى ئابلەي

شوپۇر كىرىپ كەتتى ئۇ ئابلەيىنىڭ ياتاقتا ياتقۇدەك پۇلى يوقلىقىنى ئويلاپمۇ قويمىغان ئىدى. ئاچ قورساق ئابلەي كابىنكىدا تۈگۈلۈپ يېتىپ بىرىنچى كېچىنى ئۆتكۈزدى.كۆن بويى ماشىنىنىڭ سىلكىشىگە چىداپ بىر خىلدا ئولتۇرۇپ كەلگەن، ھاردۇق يەتكەن بەدەن ئۇچۇن، سوزۇلۇپ يېتىپ ھاردۇق ئالماستىن يەنە تۈگۈلۈپ يېتىش ۋە ئولتۇرۇپ ئۇخلاش مىسلىسىز ئازاپ ئىدى.

— ناشتا قىلىمىز ئورۇنلىرىدىن تۇرسىلا،— دېدى شوپۇر ئەتتىگەندە.

— مەن ھېلى نان يەۋالدىم، ئۆزلىرى بېرىپ كەلسىلە،... دېدى ئابلەي بىلىندۇرمەي.

مۇشۇ تەقلىددە سەپەر يەنە بىر كۈن داۋام قىلدى ۋە ئەنە شۇنداق جاپالىق بىر كېچە ئۆتتى. ئۇلار يەنە مېڭىشتى. ئابلەي قورسىقى ئېچىپ، ماغدۇرسىزلىنىپ بېشى قېيىشقا باشلىدى. شوپۇر ئۆيىگە ئېلىۋالغان بىر سۇۋەت پىششىق توخۇمنى ئابلەي توتۇپ كېلىۋاتاتتى ئۇنى تارتىنىش، نۇمۇس تۇيغۇسى چەكلەپ تۇرمىغىنىدا توخۇمدىن قانچىنى يەرىدى؟...

بەختكە قارشى شۇ كۈنى ماشىنا بۇزۇلۇپ قالدى. ئابلەيىنىڭ جان - پېنى چىقىپلا كەتتى. بىراق شوپۇر ئېرەڭسىزلىك بىلەن:

— مانا ئەمىسە دەپ ئىككى كۈن تاماشاقىلىپ، ئالدىرماي ياسىتىپ ماڭىمىز،— دېدى.

بۇ گەپ ئابلەيگە ئوق تەككەندەك دەھشەتلىك تەسىر قىلدى.

— سىلىدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، پاتراق مېڭىپ كېتەيلى...

— ئالدىرىسىلا ئۆزلىرى كېتىۋەرسىلە!

ئابلەي ئۇنىڭغا ھەقىقەتەنمۇ بىچارىلىك بىلەن يېلىندى. شوپۇر ئۇنىڭ ئاللىقانداق بىر ئىشنى ئۆزىدىن يورۇشۇپ كېلىۋاتقىنىنى، ھېس قىلغان،

ئۇنىڭ كابىنكىدا يېتىشىدا نېمە سىر بارلىقىغا قىزىققان، ئۇنىڭ تاماق يەۋەتقان ياكى يېمەيۋاتقىنىنى بىلىپ بېقىش ئىستىكى كۈچەيگەندى. ئابلەي ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن جىددىيلىشىۋاتقانلىقىنى بالىلارچە ساددىلىق بىلەن شوپۇرغا سۆزلەپ بەردى. ئۇ شوپۇرنى تەسىرلەندۇرۇشكە مەجبۇر بولغانىدى. ئاخىردا ئۇ بارلىق پۇلىنى بېرىۋەتكەنلىكتىن ماشىنىدا تۈنەشكە، ئاچ ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولغانلىقىنىمۇ سۆزلىدى.

— 25 ـ چىسلا دەملا؟

— شۇنداق.

— مۇشۇ ئاينىڭ؟

— ھەئە.

— ئەتە ـ ئۆگۈن ئارىلىقىدىكى گەپمۇ؟

— شۇنداق.

— خۇدايا! ئۆزەڭگە ئامانەت! بالدۇرراق مۇنداق گەپ دېسىلە بولمامدۇ؟ بىزمۇ ئادەم بالىسى بولغاندىكىن ئەلۋەتتە... ئەستاغ... كېچىلەپ بولسىمۇ ماشىنىنى ياسايلى، سىلى قول چىراق تۇتۇپ بەرسىلە ئەمسە.

— بولىدۇ.

— توختىسىلا، ماۋۇ پۇللىرىنى ئالسىلا...

— بولدى، مەن سىلىگە ئاتىغاندىكىن رازى بولدۇم.

— ياق، بولمايدۇ! سىلى مېنى تازىمۇ خىجىل قىلىپ قويىدىلا، بۇنداق ئەھۋالدا كىرا پۇلى ئالسام ئادىمىگەرچىلىك بولامدۇ؟ نەچچە كۈن ئاچ قورساق قانداقمۇ... ھەي! مېنى خاپا بولمىسۇن دېسىلە، دەرھال بۇ پۇلنى ئېلىپ، قورساق تويغۇزۇپ كەلسىلە. بولمىسا كابىنكىدىكى تۇخۇمنىلا يېسىلە... توۋا، قىزىق ئادەمكەنلا، باشتىراق دېمەمدىغان، سىلى تازىمۇ قىينىلىپلا ئەمەسمۇ.

ئۇلار چاپسانلا دوستلىشىپ كەتتى...

ئۇلار بىر سوتكىنى قولدىن بېرىپ قويغانىدى. شۇڭا ۋىلايەت مەركىزىگە دەل 25- سىنتەبىر تاڭ سەھەردە يېتىپ كەلدى. ئەگەر ئاخىرقى كېچىسى دەم ئالماستىن ماڭمىغان بولسا تولۇق بىر كۈن كېيىن كېلەتتى.

ئابلەي شوپۇرغا بىر نەچچە ئېغىز تەكەللۇپ سۆزلەر بىلەن رەخمەت ئېيتقاندىن كېيىن ماشىنىدىن سەكرەپ چۈشتى - دە، ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسىگە (ئەگەر شۇنداق دېيىش مۇمكىن بولسا) قاراپ يۈگۈردى.

ئۇ مەھكىمىنىڭ ھويلىسىغا كىرىپلا كىچىك ماشىنا بىلەن ھەپىلىشىپ تۇرغان شوپۇردىن سورىدى:

— باشلىقلار بارمۇ؟

— يوق.

— ئىش بىجىرىۋاتقانلاردىن ھېچكىم يوقمۇ؟

— ئىشخانا مۇدىرى باردەك ئىدى.

— سىلى بىر ياققا ماڭماقچىمۇ؟

— قانداق؟ ئىش بارمىتى؟— شوپۇر ئەدەپسىز بىر خىل پۈزتسىيە بىلەن مەسخىرە قىلغاندەك سورىدى.

— شۇنداق، ئىش بار ئىدى، ناھايىتى مۇھىم! بەلكىم، سەل تۇرۇپ تۇرسىلا باشلىقلىرى سىلىنى شۇ ئىشقا بۇيرۇپ قېلىشى مۇمكىن.

— نەدىكى گەپنى قىلىدىكەنسىلە، قاري، باشلىق تويغا جابدۇۋاتىدۇ، شۇنىڭغا مېنى ماشىنا تەييارلا دېگەنىدى.

— ھە!؟ توختاپ تۇرسىلا، مەن ئىشخانىغا كىرىپلا چىقاي،— ئابلەي يۈگۈرىگىنىچە ئىشخانىغا كىرىپ كەلدى.

ئىشخانىدا بىر كىشى ئۆزى يالغۇز ئەسنەپ ئولتۇراتتى.

— خوش؟...

— بىر جىددى ئىش بار ئىدى،— دېدى ئابلەي ھاسىراپ تۇرۇپ،— ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا XX ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىگە تېلېفون بېرىپ بىر ئىشنى ئۇقتۇرۇپ قويغان بولسىلا...

ئۇنىڭ سۆھبەتدېشى ئېرەڭسىزلىك بىلەن تېلېفون ئاپپاراتىنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ قويدى. بۇ «ئىشىڭ بولسا ئۆزەڭ تېلېفون ئال» دېگىنىدى.

— ياق، مۇنداق گەپ، ئۇ يەردە بۇگۇن بىر گۇناھسىز ئادەمگە ئۆلۈم جازاسى بەرمەكچىدى، مەن ھازىر ھەقىقىي قاتىل ئۇ ئەمەس، باشقا بىرسى

ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقتىم، ماتېرىياللارنى كۆرۈپ بولۇپ ئۆقتۇرۇش قىلىشقا ۋاقىت يار بەرمەيدۇ، شۇڭا تېلىفون بېرىپ جازانى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىپ تۇرسىڭىز، باشقا گەپلەرنى ئاندىن دېيىشسەك...

— نېمە ؟ ئۆزەڭ كىمسەن؟— خادىم ئەلپازىنى بۇزۇپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىدىن قارىغاندا ئابلەينى سىنىپى دۈشمەنمىكىن دەپ گۇمانلىنىۋاتقاندەك ئالامەت چىقىپ تۇراتتى.

— مەن شۇ ناھىيىنىڭ ج خ ئىدارىسىدە ئىشلەيمەن...

— قىزىق گەپ ئەمسە نېمىشكە شۇ يەردىلا ئۆزەڭ ئۇلارنى توسۇپ قالمىدىڭ؟

— مەن ئەڭ ئاخىرقى پاكىتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن شىمالغا كەتكەن، مانا ھازىرلا ماشىنىدىن چۈشۈپ بۇ يەرگە كېلىشىم...

— ئۇنداق ئاسان ئىش يوق، سېنىڭ ئاغزىڭدىكى گەپ بىلەنلا شۇنداق قىلغىلى بولامدۇ؟ سەن زادى قانداق ئادەم؟ قاتىلنىڭ شېرىكىمۇ؟ بۇمۇ بىر مەسىلى- دە! توختىغىنا...- خادىم ئۇنى تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىغا ئەۋەتىپ بېرىدىغاندەكلا قىلاتتى.

ئابلەي كۈتۈپ تۇرۇشنىڭ پايدىسىز ئىكەنلىكى ھېس قىلىپ دەرھال چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن گۇمانلانغۇچى ۋارقىراپ قالدى. ئابلەي پىكاپنىڭ يېنىغا كەلگەندە شوپۇر ناراقتا تۇربا ئالدىدا قول يۇيۇۋاتاتتى. ئۇ شوپۇرغا گەپ قىلىشنى ئويلىدى - يۇ، بۇنىڭمۇ پايدىسىز ئىكەنلىكىنى دەرھال قىياس قىلىپ ماشىنىغا چىقتى ۋە ئوت ئالدۇرۇپ، يۈرۈپ كەتتى، بۇ شۇنداق ئىختىيارسىز ھەرىكەت بولدىكى، ئۇنىڭ كۆڭلىدە قىلچىمۇ ئالدىن ئويلىنىش، قارار قىلىش قاتارلىق ھەرىكەت تەييارلىقى بولمىغانىدى. شۇڭا ئۇ ئارقىسىدىن ئاڭلانغان قىيا ـ چىيا بىلەنلا ئېسىگە كېلىپ، چۆچۈپ كەتتى. بىراق ئەمدى ئىككىلىنىپ ئولتۇرۇشقا، قايتىدىن ئويلاپ كۆرۈشكە ۋاقىت يوق ئىدى. ئەمدى ئۇ ناھىيىگە قاراپ بارلىق سۈرئەت بىلەن ماشىنىنى قويۇۋەتتى.

كېتىۋېتىپ بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتى ھەققىدە ئاجايىپ- غارايىپ بەزى

ئىشلارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى.

«مېنىڭ ھەرىكىتىم ھەقىقەتەنمۇ توغرا بولمىدى. لېكىن ئىلاج يوق، ئاۋال بىر ئادەمنى ناھەق ئۆلۈمدىن قۇتقۇزاي، كېيىن ھەممە ئىش ئېنىقلىنىپ، باشلىقلارمۇ مېنىڭ مۇشۇ ئەھۋالدا بۇنىڭدىن باشقىچە تەدبىر قوللىنالمايدىغانلىقىمنى چۈشىنىدۇ ۋە مېنىڭ بۇ دادىل ھەم قارامىلارچە ھەرىكىتىمنى ماختايدۇ...»

شەھەر بىلەن ناھىيە بازىرى ئارىلىقىدىكى 40 كىلومېتىرچە يولنى بىر سائەتتە بېسىپ ئۆتۈپ، ناھىيە بازىرىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ بازار كوچىلىرىدىن چىۋەرلىك بىلەن ئايلىنىپ ج خ ئىدارىسىگە باراي دەۋاتقاندا قارشى تەرەپتىن ھەربىيلەر چۈشكەن ئاپتوموبىل چىقىپ قالدى، ئاپتوموبىل كۆزۈپىنىڭ ئالدىدا قوللىرى چەمبەرچاس باغلانغان تاھىر تۇراتتى.

ئابلەي چۆچۈپ كەتتى، «ئاپلا! كىسىم ئىپلان قىلىش يىغىنى ئاخىرلىشىپتۇ - دە!» ئۇ ماشىنىنىڭ ئۆتۈپ كېتىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى، بىراق ئۇ ج خ ئىدارىسىگە كىرىپ ئەھۋال خەۋەر قىلىمەن دېسە ئۈلگۈرەلمەيتتى. شۇڭا يۈك ئاپتوموبىلىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ يېتىش قارارىغا كەلدى، بىراق ئۇ ماشىنىنى ئايلاندۇرۇشتا قىيىنىلىپ قالدى. چۈنكى، ئۆلۈم جازاسىنى كۆرگىلى ئالدىرىشىۋاتقان نەچچە مىڭ ئادەم پىيادە ۋە ۋەلىسىپىتلىك بولۇپ يولنى بىر ئېلىشقانىدى.

ئابلەي كىشىلەر سەل شالاڭلىغان ھامان ماشىنىنى ئايلاندۇرۇپ جازا ئىجرا قىلىنىدىغان ساي تەرەپكە قاراپ ماڭدى، يولدا كىشىلەر توپى ئاۋارىچىلىق تېپىپ بەرمىسۇن دەپ يىراقراق بولسىمۇ يەنە بىر يول بىلەن ماڭغانىدى. ئۇ يېتىپ بارغىچە ھەربىيلەر چەكلەنگەن رايونلارنى بەلگىلەپ پوس قويغان، جىنايەتچى بىر ئورەكنىڭ لىۋىدىكى توپا دۆۋىسى ئۈستىگە يۈكۈندۈرۈپ قويۇلغان، دۈمبىسىگە نىشانغا ئالىدىغان نوقتا بور بىلەن سىزىپ قويۇلغانىدى.

خالايىقنىڭ ئالدى يېتىپ كېلىپ، جازا ئىجرا قىلغۇچىلارنىڭ ئارقا تەرىپىدە سانجاق- سانجاق تۇرۇپ كېتىشكەنىدى. جازا ئىجرا قىلغۇچى بەش

نەپەر ھەربىي سەپ بولۇشۇپ، تىترەپ تۇرغان قوللىرىغا مىلتىقلىرىنى ئېلىشىۋاتقانىدى.

ئابلەي ماشىنىنى ئايلاندۇرۇپ، خالايىقنى بارغىلى قويمايدىغان يان تەرەپكە ئېلىپ بېرىپ قاتتىق تۇرمۇزلاپ توختاتتى ۋە ماشىنىدىن ئوقتەك ئېتىلىپ چۈشتى:

— توختاڭلار! — ئۇ جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىرىدى.

مىلتىقلىرىنى بەتلەۋاتقان ئەسكەرلەر نېمە بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي، مۆرىلىرىگە تىرىگەن مىلتىقنى پەسكە چۈشۈرۈشتى.

— نېمە بولدى؟— دەپ سورىدى نۆۋەتچى ئوفىستىر ئابلەيدىن .

— جازا ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، ئوتتۇرا سوت تېلېفون بەردى، رەسمى ئالاقە يېزىشقا ئۈلگۈرەلمىگەچكە، مېنى ئەۋەتتى.

— نېمە؟ بۇنداق گەپكە قانداق ئىشەنگىلى بولىدۇ؟ ئەمىسە مۇشۇ يەردىن قوزغالماي بىردەم كۈتەيلى، سەن بېرىپ رەسمى ئۇقتۇرۇشنى ئېلىپ كەل.

ئابلەي نېمە قىلارىنى بىلمەي گاڭگىراپ قالدى، بۇ چاغدا بۇ يېڭىلىقتىن ھەيران بولغان خالايىق دەۋرەپ كېلىپ چەكلەنگەن رايونغا كىرىشكە باشلىدى. ئوفىستىر ۋە ئەسكەرلەر خالايىقنى كەينىگە يېنىشقا دەۋەت قىلىپ ۋارقىرىشىۋاتقان پۇرسەتتە ئابلەي ئەقىلدىن تاشقىرى قارامىلىق بىلەن تاھىرنى ئورنىدىن تۇرغۇزدى:

— چاپسان بول، سەن قۇتۇلدۇڭ، ماشىنىغا چىق،— دەپ پىچىرلىدى - دە، پىكاپ تەرەپكە ئېلىپ كەتتى، ماشىنىنىڭ ئارىلىقى يېقىنلا ئىدى. ھەربىلەر نېمە بولىۋاتقىنىنى ئاڭقىرىپ بولغىچە ئابلەي ماشىنىنى زىۋىت قىلىپ ئۈلگۈردى.

— ھوي! جىنايەتچىنى نەگە ئاپىرىسەن!؟ توختا! توسۇڭلار ئۇنى!

بىر ھەربىي مىلتىقنى بەتلەپ ماشىنىڭ ئالدىغا ئۆتتۈۋىدى، ئابلەي خۇددى ئۇنى باستۇرۇۋېتىدىغاندەك تېز ھەيدەپ كېلىۋەردى، ئەسكەر ئىتتىكلا ئۆزىنى چەتكە ئالدى، ئابلەي تاھىرنى ئېلىپ تاشيولغا چۈشۈپ يۈرۈپ كەتتى.

ئابلەي ماشىنىنى ئوتتۇر ۋىلايەت مەركىزىگە ھەيدىدى، ئۇ ئۆزى قىلىپ سالغان قاراملىقىنى، بۇنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلىغىنىدا تېنى شۈركىنىپ كېتەتتى. تاھىرنىڭ ئورنىغا ئۆزى ئۆلۈمگە بۇيرۇلۇش ئېھتىمالىمۇ يوق ئەمەس ئىدى. بىراق ئۇ قىلىۋاتقان ئىشنىڭ ئەسلى ماھىيىتى توغرا ئىكەنلىكىنى ئويلاپ يەنە خاتىرجەم بولاتتى.

ئۇ يېرىم يولغا بارغاندا تاھىرنىڭ قوللىرىنى يېشىۋەتتى.

— مەن سېنى شەھەرگە ئاپىرىپ قويىۋېتىمەن، مەسىلە ئايدىڭلاشقىچە يوشۇرۇنۇپ يۈر، خەققە كۆرۈنمە، ئۆيۈڭگىمۇ بار،— دېدى ئۇ.

ئۆلۈم گىرداۋىدىن يانغان كىشى ھېچنىمىنى چۈشىنەلمىگەن بولسىمۇ يەنىلا ناھايىتى خۇشال بولغانىدى.

ئۇلار شەھەرگە كىرىپ ئادەم كۆپ كوچىلاردىن بىرى بىلەن كېتىۋاتقاندا ئابلەي ماشىنىنى ئاستىلىتىپ، تاھىرنى چۈشۈپ قېلىشقا بۇيرىدى، تاھىر چۈشۈپ قالغاندىن كېيىن ئۆزى ماشىنىنى ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسىگە ھەيدىدى، ئۇ ئەمدى ئۆزىنىڭ ئاساسلىرىنى كۆرسىتىپ مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرماقچى ئىدى.

ئابلەي مەھكىمە ھويلىسىغا كىرىپ ماشىنىنى توختىتىشى بىلەنلا بىر مۇنچە ساقچىلار ماشىنىنى ئورىۋالدى ھەم ئۇنىڭ ئۆزى چۈشۈشنى كۈتۈپ تۇرمايلا قوپاللىق بىلەن سۆرەپ چۈشتى ـ دە، قولىغا كويزا سالدى.

# خاتىمە

— مېنىڭ سەرگۈزەشتەم ئەنە شۇ،— دېدى ئابلەي ھېكايىسىنى تۈگىتىپ، «سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىشخانىسى» نىڭ مۇدىرىغا قاراپ.

— ھەقىقەتەنمۇ قاراملىق قىلغان ئىكەنسىز!... — مۇدىر بىردەم

ئويلىنىپ شۈكلەپ قالدى. ئاندىن ھىكايىنىڭ داۋاملىشىشىنى خالىغاندەك سورىدى،— تاھىرنى كېيىن يەنە تۇتتۇالدىمۇ؟
— ياق، تۇتالمىدى، ئۇ يىراقلارغا كەتكەن بولسا كېرەك، ئۇ قۇتۇلدى، مەن تۇتۇلدۇم. ئۇنى دەپ تارتمىغان ئازابىم قالمىدى، «دىكتاتۇرنىڭ» تەمىنى تېتىدىم، ئۇنى قەيەرگە يوشۇرۇپ قويغانلىقىمنى قىستاپ سوراشتى، لېكىن ئەمەلىيەتتە ئۆزەم دېگەندەك ئۇنى شەھەرگىلا قويۇۋەتكەنىدىم، يوشۇرىدىغان نەرىم بولسۇن.
— ھەقىقى قاتىلچۇ؟
— ئۇ شۇ تۇتۇپ تۇرۇلغانچە بىر تەرەپ قىلىنماي تۇرۇۋەرگەن ئوخشايدۇ.
— شۇنداق قىلىپ، نەچچە يىل تۈرمىدە ياتتىم دېدىڭىز؟
— 1976- يىلغىچە ياتتىم، چىقسام ئائىلەمنى تەكلىماكانغا يېقىن بىر يېزىغا «تارقاقلاشتۇرۇپ» كۆچۈرىۋەتكەنىكەن. ھازىرغىچە شۇ يېزىدا ئىشلەۋاتىمەن... بۇ يەرگە كەلگىلى بىر ئاي بولدى. يېنىمدا پۇلۇممۇ قالمىدى.
— ھېلىقى دېلونى قايتا بىر تەرەپ قىلىشمىدىمۇ؟
— ياق.
— سىز ئىگىلەپ كەلگەن پاكىتلار ھازىر نەدە؟
— ئوتتۇرا سوتتا بولسا كېرەك، بىر قىسمى ج خ ئىدارىسىدا بولۇشىمۇ مۇمكىن.
— ھە، سىزنىڭ بۇ ئىشىڭىز بەك مۇرەككەپ ئىشكەن، ئاشۇ دېلو قايتا ئىشلىنىپ، سىزنىڭ دېگىنىڭىز بويىچە توغرىلانسا بۇ سىزنىڭ توغرا قىلغانلىقىڭىزنىڭ ئەمەلىي ئىپادىلىنىشى بولىدۇ... ئۇنىڭسىز بىز ئۆز ئالدىمىزغا بىر تەرەپ قىلالمايمىز...
— سىلەر بۇ ئەھۋالنى سوتقا يوللاپ، بىر تەرەپ قىلىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىسىلەر. دە، بولمىسا ئۇلارنىڭ يادىغا يېتىشىنى كۈتۈپ قاچانغىچە تۇرىمەن؟
— بۇنى مەن نەدىن بىلەي؟— مۇدىر مۇرىلىرىنى قىستى،— يەنە

كېلىپ، ئۇ دىلو راستىنلا سىز دېگەندەك بولۇپ چىقامدۇ- يوق؟ بۇمۇ بىر مەسىلە، ئەگەر ئەسلىدىكى خۇلاسە يەنىلا توغرا بولۇپ چىقسا ئۇ ھالدا سىزگە تارتقانلىرىڭىز ئاز بولۇپ چىقىدۇ.

— نېمە؟ سىز يەنە ئىشەنمەمسىز؟ مېنىڭ سۆزلەپ بەرگەنلىرىمدە ھەممە گەپ ئېنىققۇ؟

— ئېنىقلىقىغۇ ئېنىق، بىراق سىزنىڭ ھېلىقى خىزمەتدىشىڭىز، كىم ئىدى؟ ئۆمەرمۇ؟ ھە، ئۇنىڭ ئېنىقلىمىسى تېخىمۇ قايىل قىلارلىق بولۇپ چىقىشى ھەم مۇمكىن، ھازىر مەن پەقەت سىزنىڭلا بايانىڭىزنى ئاڭلىدىم، قارشى تەرەپنىڭ ئاساسلىرى قانداق، بۇنى كۆرۈپ بېقىشىمىزمۇ توغرا كېلىدۇ. ئۇنداق ئەمەسمۇ ـ يە؟

— ئۇغۇ شۇنداق، بىراق، سىلەر بۇنى سۈرۈشتە قىلىپ، ھەيدەكچى بولۇپ بەرمىسەڭلار، ئۆزىچە ھەل بولۇپ قالامدۇ؟— ئابلەي زەردە بولدى.

— سىزگىمۇ ھەرنېمە دېسىڭىز دۇرۇستەك تۇيۇلىدۇ، لېكىن بۇ ئىش سىزنىڭ جىنايەتچىنى ئېلىپ قاچقىنىڭىزدەك قوپاللىق بىلەن پۈتىدىغان ئىش ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىشخانىمىز ئاران سىزنىڭلا ئىشىڭىز بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقىنى يوق، ناھەق دىلولار تولۇپ ياتىدۇ، ناھايىتى كۆپ، ساراڭ قىلىشىۋېتىدۇ.

— مەن يەنە قانچىلىك كۈتۈشۈم كېرەك؟

— بۇنىسىنى مەنمۇ بىلمەيمەن، ھەرھالدا مېنىڭچە يېزىڭىزغا قايتىپ تۇرۇڭ، ۋاقتى كەلگەندە بىز چاقىرتىمىز.

— قايتىپمۇ تۇرغانمەن، چاقىرتىشىڭلارنى يېرىم يىل كۈتۈپ، ئاخىر بولماي يەنە كېلىۋاتىمەن! بۇنداق بولۇشىنى بىلگەن بولسام گۇناھسىز بولماق تۇگۇل پەرىشتىنىڭ ئۆزى بولسىمۇ ئۆلسەڭ ئۆلۈۋەرگىن دەيدىكەنمەن! خەپ! مېنىڭ تۈرمىدە، چۆل- جەزىرىدىن پەرقى بولمىغان يىراق يېزىدا تارتقانلىرىمنى سۆزلەپ بېرىدىغان بولسام باغرى تاش قاراقچىمۇ يىغلاپ سالىدۇ! مەن بۇ ئازاپلارنىڭ ھەممىسىنى كىم ئۈچۈن تارتتىم؟ بىر ناتونۇش ئەخلاقسىز ئۈچۈن! ياشلىقتىكى ئاجايىپ- غارايىپ غايىلەرغۇ؟ ھازىرقى

ئەقلىم بولىدىغان بولسا!...

— چىچىلماڭ، يولداش، دەيدىغان گەپ تۇگىگەن بولسا...

— گىپىم تۈگىدى!

— ئەمسە رەنجىمەي كۈتۈپ تۇرۇڭ، مۇزاكىرلىشىپ باقايلى. خەۋىرىڭىز بار، سىز بىلەنلا يېرىم كۈننى ئۆتكۈزۈۋېتەلمەيمەن، مەن بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن كۈتۈپ تۇرغانلارنىڭ كۆپلىكىنى بىلىسىز...

— بولىدۇ، مەن قايتاي، ئەجەپ ئەنسىرەپ...

ئابلەي چەكسىز ئەلەم بىلەن قايتىپ چىقتى. ئۇنىڭ چۇشلۇك تاماقتىن بەكمۇ بېشى قاتتى. بۇ كۆز ئالدىدىكى زۆرۈرى غەم ئىدى. ئۇ نەگە بېرىشنى بىلمەستىن گاڭگىراپ زىننەت ئورمانلىرى ئارىسىدىكى يول بىلەن كېتىۋاتاتتى، ئۇنىڭ ئالدىدىن بىر كىشى كېلىپ، ئىززەت- ئىكرام بىلەن سالام قىلدى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئابلەي دېگەن سىلىغۇ دەيمەن؟

— ... خوش؟ مەن شۇ... ئابلەي ئۇنىڭ تونۇگۇن مۇشۇ ئەتراپتا ئەگىپ يۈرگەن سودىگەر سۈپەت كىشى ئىكەنلىكىنى تونىدى، ئۇنىڭ تىلى بىر ئاز چىنىپ سۆزلەيتتى.

— سىلىنىڭ بىر كونا تونۇشلىرى مەندىن سىلىگە سالام ئېيتقان، ھەم سىلىدىن ئەھۋال سورىغاچ كېلىشىمنى تاپىلىغانىدى،— ئۇ ئىلىنچىكى بار ئادەمدەك سۆزلەرنى تولۇق ۋە توغرا تەلەپپۇز قىلالمايتتى.

— كىم ئىكەن ئۇ؟

— ئۇنىڭ بىر پارچە خېتى بار، كىملىكىنى خەتنى ئوقىسىڭىز بەلكىم خەتتە باردۇر. يوچۇن كىشى يانچۇقىدىن توم بىر كونۋېرتنى ئېلىپ ئابلەيگە بەردى. ئابلەي كونۋېرتنى ئېرەڭسىزلىك بىلەن يانچۇقىغا سېلىپ قويىدى ۋە سۆھبەتدېشىغا زەڭ سېلىپ قاراشقا باشلىدى.

ئۇ كۆزلىرىدە شوخلۇق ئويناپ تۇرغان ئاق سېرىق كىشى بولۇپ، ئابلەي بىلەن بىر دېمەتلىك، بەلكىم سەل ياشراق كېلەتتى. ئۈستى- بېشى شۇنچە رەتلىك، كىيىملىرىمۇ ھازىرقى مودا كىيىملەر بولۇپ، پەقەت ياش

سودىگەرلەرلا مۇشۇنداق كىيىنەتتى. ئۇنىڭ ئاق شىلەپىسى ئۇنى ئەجنەبىيلەرگە ئوخشىتىپ تۇراتتى. ئابلەي ئۇنىڭ ئاق سېرىق چىرايى ۋە ئويناپ تۇرغان كۆزلىرىدىن قاچاندۇر كۆرگەن بىرسىنى ئېسىگە ئالغاندەك بولدى ـ يۇ، بىراق يەنە يوقلۇق تۇمانلىرى ئىچىدە تەدرىجى يىراقلاپ، غايىپ بولۇپ كەتتى.

— ئۆز ئەھۋاللىرىدىن ئازراق سۆزلەپ بەرمەملا، بولمىسا مەن سالام ئەۋەتكۇچى ئالدىدا خىجىل بولۇپ قالماي... — دېدى سودىگەر.

— مېنىڭ هازىرقى ئەھۋالىمنى سورىسىلا، ئەھۋالىم ئوتتۇندەك،— دېدى ئابلەي زەردە قىلىپ، ئۇنىڭ بايىقى ئاچچىقى تېخى تارقىمىغانىدى،— ئۆزەم سەھرايى قىيامەتتە،..ـ ئۇ بارلىق كەچمىشىنى ئاچچىق - ئاچچىق گەپلەر بىلەن سۆزلىدى ۋە بۇ بەختسىزلىكلىرىگە سەۋەبچى بولغۇچىلارنىڭ يەتمىش پۇشتىغىچە تىللاش بىلەن گېپىنى تۈگەتتى.

— سىلى بىلەن ئالدىراپ خوشلىشىدىغان بولدۇم، ئەپۇ قىلارلار، خۇدا نېسىپ قىلسا كۆرۈشۈپ قالارمىز.

— خەير! — ئابلەي مەسخىرىلىك كۈلۈمسىرەش بىلەن ئۇنى ئۇزىتىپ قويدى. سودىگەر كېتىپ قالغاندىن كېيىن ئابلەي نېمىنىدۇر ئويلىنىپ قالدى ۋە خەتنى ئوقۇپ بېقىش نىيىتىگە كەلدى. گەرچە چۈشلۈك تاماقنى قانداق قىلىش كېرەكلىكى پات- پاتلا بېشىنى قاتۇرۇپ، يۈرىكىنى ئېچىشتۇرۇپ تۇرسىمۇ، بەربىر باشقا كۆڭۈل ئاۋۇندۇرىدىغان نېمىسى بولمىغاچقا خەتنى ئوقۇپ بىردەم سايىدا ئولتۇرۇشنى توغرا تاپتى. خەت خېلى ئۇزۇندەك قىلاتتى. ئۇ كونۋېرتنى ئېچىۋىدى، كونۋېرتتىن 500 سومچە پۇل چىقتى. دەرۋەقە، ئۇنىڭغا بىر پارچە خەتمۇ قوشۇمچە قىلىنغانىكەن، ئابلەي بۇ كىشىنى چۆچۈتىدىغان ئاجايىپ ۋاقىئەنى چۈشىنىش ئۈچۈن، مۆجىزىدەك قولغا كەلگەن «دۇنيا» نى كونۋېرتسا سېلىۋېتىپ، قويۇن يانچۇقىغا تىققاندىن كېيىن، خەتنى ئاچتى، خەتتە مونۇلار يېزىلغانىكەن.

**«قىممەتلىك دوستۇم ئابلەي (رۇخسەت قىلسىلا مۇشۇنداق ئاتايمەن) ياخشىمۇ سىلى؟ سىلىنىڭ ھەممە ئەھۋاللىرىنى ئېنىق بىلىپ تۇرۇپ،**

بۇنداق سورىشىم بىر رەسمىيەت ئەلۋەتتە، كەچۈرسىلە.

سىلىنى مالال قىلىپ بۇ خەتنى يېزىۋاتقان ئادەم سىلى ئىككىنچى قېتىم هايات بەرگەن شور پېشانە تاھىر ئىكەنلىكىنى خىياللىرىغا كەلتۈرمىگەنلا، بەلكىم؟ مەن شۇ، مېنىڭ سەۋەبىمدىن كۆپ زىيارەتلەرنى چەككەنلىكلىرىنى ئاڭلىدىم، مېنى قانچىلىك تىللىسىلىمۇ هەق، قانداق قىلاي.

مەنمۇ ئاز رىيازەت چەكمىدىم (لېكىن بۇنىڭغا ھېچكىم سەۋەبچى ئەمەس)، ياخشى كۆنلەرگە ئېرىشكىلى بىر نەچچە يىللا بولدى.

سىلى مېنى شەھەردە قويۇپ بەرگەندىن كېيىن خوتەنگە كەتتىم، تونۇش ـ بىلىشلەرگە ئۇچراپ قالىدىغان ئىشلار بولماسلىقى ئۈچۈن يىراقراق كېتەي دېدىم. ئۇ يەردە ئۆزەمنىڭلا كويىدا بولۇپ، سىلىنىڭ نېمە بالاغا قالغانلىقلىرىنى خىيالىمغا كەلتۈرگىدەكمۇ بولمىدىم. دېمىسىمۇ ئۇ چاغدىكى ئەھۋالىم شۇ دەرىجىدە ناچار ئىدى. مېنىڭ بۇنداق شەخسىيەتچىلىكىمنى كەچۈرسىلە، ئاۋال مەدىكار ئىشلەپ، قېقىندى ـ سوقۇندى بولۇپ، يۈردۈم، كېيىن بىر قېرى خارەد ئۇستامغا (خوتەندە ياغاچچىنى شۇنداق دەيدۇ) شاگىرت بولۇپ، ھۈنەر ئۆگەندىم. بۇۋاينىڭ رازىلىقى بىلەن ئىش ئايرىغاندىن كېيىن بىر ئاز پۇلمۇ تاپتىم، شۇنىڭدىن كېيىن سىلىنى سۈرۈشتە قىلىشقا باشلىدىم.

سىياسەت كەڭرى قويىۋېتىلگەندىن كېيىن سودىگەرچىلىك قىلىپ، هال ـ كۈنۈم ياخشى بولۇپ قالدى. مۇشۇ چاغدا ئەڭ ئاۋال جېنىمنى قۇتقۇزۇپ قالغان كىشىنى يادىمغا ئالدىم. ئەلۋەتتە، سىلىنى سۈرۈشتۈرۈپ، سىلىنىڭ باشلىرىغا كەلگەن دەرت ـ ئەلەملەرنى بىلدىم، مەن هازىرغىچە ئۆز ئۆيۈمگىمۇ بارالماي يۈرىمەن، شۇنداق بولسىمۇ سىلى تۇرۇشلۇق يېزىغا ئىزدەپ باردىم، بالا ـ چاقىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ ئىچىم سېرىلىپ كەتتى، ئۇلارغا ئاتىغان ئازراق نەرسەمنى بېرىپ قايتىپ چىقتىم. ئۇلار سىلىنى بۇياقتا كەتكىلى بىر ئايچە بولۇپ قالغىلى تۇردى، دېگەنىدى، شۇڭا سىلىنى بۇ يەردە پۇلسىز مۇساپىرچىلىق تارتىپ قالمىسۇن دەپ ئارقىلىرىدىن ئىزلەپ

كەلدىم.

تۇنۇگۇن سىلى سايىدا يېتىپ بىرسى بىلەن پاراڭلىشىپ، تاماكا چېكىشىۋاتقاندا مەن ناراقتا سىلىنى شۇمىدۇ ئەمەسمىدۇ دەپ كۈزىتىپ تۇرغانىدىم، كېيىن سىلى بىر دوستۇمنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كېلىمەن دەپ كەتتىلە، شۇ چاغدا مەن ھېلىقى سىلى سۆزلەشكەن ئادەمنىڭ قېشىغا بېرىپ سىلىنى سۈرۈشتۈردۈم، شۇ چاغدىلا پەرزىمنىڭ توغرىلىقىنى بىلىپ ئارقىلىرىدىن چاپتىم، بىراق سىلى ئاغىنىلىرى ـ بۇرۇن بىزنىڭ ناھىيىدە ئىشلىگەن مەتتۇردىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەتتىلە، شۇنىڭ بىلەن بۇگۈن بۇ يەردە سىلىنى پايلاپ تۇرغانىدىم.

مەن سىلىنىڭ ماڭا قانداق پۇزتىسيە تۇتىدىغانلىقلىرىنى بىلمىگەچكە تونۇشلۇق بەرمىدىم، مەن تۇگۈنۇن ھېلىقى ئادەمدىن سىلىنىڭ تاماكا ئالغۇدەك پۇللىرىمۇ قالمىغانلىقلىرىنى ئاڭلىغانىدىم. شۇ خىجىللىقتا ئۆزەمنى تېخىمۇ ئاشكارا قىلالمىدىم. بۇ پۇلنىڭ جىمىنى شەھەردىن كەتكىچە ئۆزلىرى خەجلىۋەتسىلە، ئۆيدىكىلەردىن غەم قىلمىسىلا، ئۇلارغا مەن ئازراق پۇل قالدۇرۇپ كەلگەن بۇ يەردىكى ئىشلىرىنىڭ ئەمدى ھەل بولىشىغا ئىشەنسىلە بولىدۇ، چۈنكى ئىش بىجىرگۈچىلەر، باشلىقلار قانچىلىك بىر نەرسە تاما قىلسا مەيلى، مەن ئۇلارنىڭ نەپسىنى تويغۇزۇپ، ئىشلىرىنى ھەل قىلىشنىڭ ئىقتىسادى جەھەتتىكى مەسئۇلىيىتىنى ئۈستۈمگە ئالىمەن.

پەقەت ئادرىسىمنى يازماي پۇل ئەۋەتىش بىلەنلا چەكلىنىۋاتىمەن.

دوستۇم ئابلەي، سىلى قىلغان ياخشىلىقنى ئۆمۈر بويى قايتۇرالمايمەن، شۇنداق بولسىمۇ ئەرزىمىگەن، نەرسە بىلەن كۆڭلۈمنى ئىپادىلىدىم، قوبۇل قىلالا.

— دەپ:

تاھىر»

ئابلەي شۇئان چاچراپلا ئورنىدىن تۇردى ۋە بايىقى ئادەمنىڭ تاھىر

ئىكەنلىكىنى بىلگىنىدە، نەچچە ۋاقىتتىن بېرىكى ئاچچىق نەگىدۇر غايىپ بولۇپ، خۇددى ئۇزۇن يىل كۆرۈشەلمىگەن قېرىندىشىنى سېغىنغاندەك بىر خىل ئوتتەك قىزغىن مۇھەببەت بىلەن ئۇنى قايتا كۆرۈشكە ئىنتىزار بولۇپ كەتتى. ئۆزى قايتا هاياتلىق بەرگەن كىشى گويا ئۆزىنىڭ پەرزەنتىگە ئايلىنىپ قالغاندەك بىر خىل تەرىپلىگۈسىز مېھىر يۈرىكىنى شۇررىدە ئېرىتىۋەتتى. ئۇنىڭ بىلەن ئۇزاق - ئۇزاق دەرتلەشكۈسى كەلدى... ئۇنىڭغا تاپىلايدىغان، ئۇنىڭغا دەيدىغان گەپلىرىمۇ نۇرغۇندەك قىلاتتى، ئۇ تاھىرنى تېپىپ بىر ئاخشام مۇڭدىشىۋېلىش ئۈچۈن شەهەرنى كېزىشكە باشلىدى.

بىراق تاھىرنى هېچيەدىن تاپالمىدى؟ ئۇ چۆچەكلەردىكىدەكلا غايىپ بولغانىدى.

1987- يىل 20 ـ دېكابىر